# مۇندەرىجە


❖ «ھەدىس شەرىف»نىڭ ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئورنى(2)........................................ياسىن ئابدۇلھېكىم 3

❖ «تونۇشۇشلار ئۈچۈن تۈرلۈك مىللەت قىلىپ ياراتتۇق» دېگەن ئايەت توغرىسىدا..................ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى 9

❖ ھەجدىكى ھېكمەت ۋە قىممەتلەر .......ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى 13

❖ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۇسۇلى(2)..................ئابدۇلئەھەد ھاپىز تەرجىمىسى 21

❖ ئىسلام دىنىدا روھىيەت پىرىنسىپى...................................مۇھەممەد سادىق ئىسمائىل تەرجىمىسى 28

❖ تور سودىسىنىڭ ھۆكمى.......دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللا 33

❖ ئىسلامدا ئوتتۇراھاللىق چۈشەنچىسى(3)...ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى 38

❖ روھىنگىيا مۇسۇلمانلىرى ۋە خەلقئارانىڭ مۇناپىقلىقى....................................سىراجىدىن ئەزىزى تەرجىمىسى 48

❖ مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى(2)....ئابدۇلئەھەد ئۈچقۇن 52

❖ تىل ۋە تەرجىمىچىلىك توغرىسىدا....ئابدۇسەمى مۇھەممەدئىمىن 57

❖ دەۋەتچىلىرىمىزدە ئۈچ غەلەت (3)...ئابدۇللا مۇھەممەدئىمىن 65

❖ ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال.............مىركامىلجان قەشقەرى 75

❖ خۇشخەۋەر................«مەرىپەت ژۇرنىلى» تەھرىراتى 80



دىنىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي
ژۇرنال
(پەسىللىك)

2015

3 ـ سان
(ئومۇمىي 12 ـ سان)



ژۇرنال مەسئۇلى:
سىراجىدىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد يۈسۈپ

تەھرىر ھەيئەتلەر:
ئابدۇلئەھەد ئۈچقۇن
ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى
ئابدۇلئەھەد ئۈجات
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ياسىن ئابدۇلھېكىم



ئەسەر ئەۋەتىڭ
پىكىر ـ تەكلىپ بېرىڭ
ئېلخەت ئادرېسىمىز:
Meripetjournal@gmail.com



ژۇرنىلىمىزنىڭ ئېلكىتاب نۇسخىسىنى
«مەرىپەت» مۇنبىرىدىن كۆرەلەيسىز



مۇنبەر ئادرېسى:
WWW. Merifet. net

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە...

1. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە» ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ماقالە ۋە ئەسەرلەردە ئالغا سۈرۈلمەكچى بولغان چۈشەنچىلەر ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
3. تەرجىمە ئەسەرلەردە چوقۇم مەنبە ئەسكەرتىلىشى ۋە تەھرىر ھەيئىتىگە ئەسلى نۇسخا تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلەر بۇرۇن ھېچقانداق كىتاب-ژۇرناللاردا ياكى تور بەتلەردە ئېلان قىلىنمىغان بولۇشى كېرەك.
5. ژۇرنىلىمىز ۋەتىنىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى، بولۇپمۇ ئىلىم ۋە دەۋەت ساھەسىدىكى ئۇستازلارنى ۋە ئىلىم ھېرىسمەنلىرىنى پىكىر ئالماشتۇرۇش، تونۇشۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش سەھنىسى بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا، ھەرقانداق شەخس ياكى كوللىكتىپقا قارىتىلغان ھۇجۇم خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.
6. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر ماقالىسىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشى كېرەك.
7. ئاپتورلار ئەۋەتكەن ماقالىسىغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، نەقىل مەنبەلىرى ئەسكەرتىلگەن بولۇشى، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ نومۇرلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات سۈپىتىدە بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
8. ماقالىلەرنىڭ ھەجمىگە چەك قويۇلمايدۇ. ناۋادا قىممىتى زور، ئەھمىيەتلىك تېمىلار بولسا ئۇدا بىر قانچە ساندا ئۇلاپ ئېلان قىلىنىدۇ.
9. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر تاللاشتا ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە يوللانغان ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تاللىنىدۇ. ئەسەر ئەۋەتىلىپ ئالتە ئايغىچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنمىسا ياكى ئېلخەت ئارقىلىق ئۇچۇر قىلىپ ئەسكەرتىلمىگەن بولسا ماقالىنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
10. ژۇرنىلىمىزغا يوللانغان ماقالە ئېلان قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېچقانداق تور بەت ياكى ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا ئېلان قىلىنماسلىقى كېرەك.

ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ ئاپتور ۋە ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزدىن بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزگە يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇشىنى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئايىماسلىقىنى، ماقالە-ئەسەر ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

——«مەرىيەت» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى

ئادرېسىمىز: ***Fevzi Çakmak Mahallesi Şeref Sokak No. 11 Bodrum Kat***

***Sefaköy Küçükçekmece Istanbul*** ***TEL: 0212-6243928***

ئالاھىدە ئەسكەرتىش: ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلار ئاپتورلارنىڭ كۆز قارىشى ۋە چۈشەنچىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ! ماقالىلارنىڭ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى بارلىق ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيىتى ئاپتورلارغا خاس!




بىز ئىلگىرىكى ساندا شەرىئەتنىڭ مەنبەسى «قۇرئان كەرىم»دىن قالسىلا ھەدىس شەرىف ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ھەدىس شەرىفلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم» بىلەن بولغان ئالاقىلىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختالغان ئىدۇق. تۆۋەندە ھەدىس شەرىفنىڭ ھۆججەتلىكىگە شۇبھى پەيدا قىلىدىغان، «قۇرئان كەرىم»دىكى بەزى ئايەتلەرگە خاتا تەپسىر بىرىپ، ھەدىس شەرىف ھەققىدە ھەرخىل ئۆسەك سۆزلەرنى تارقىتىپ، مۇسۇلمان ئاممىسىنى قايمۇقتۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم ئاتالمىش ئالىملارنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بىرىپ ئۆتمەكچىمىز.

ئىسلام تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە قەلبىگە نىپاق ۋە كۇپرى يوشۇرۇنغان كىشىلەر سەۋەپلىك يۈز بەرگەن پىتنە جەريانىدا، ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردەك مەشھۇر ساھابىلارنى كاپىر دەپ ھۆكۈم چىقىرىدىغان خاۋارىجلار،[1] ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ۋە ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردەك خەلىپىلەرنى ۋە ئۇلارنى قوللاپ بەيئەت بەرگەن كۆپ سانلىق ساھابىلارنى ئىشەنچسىز، خائىنلار[2] دەپ، ئۇلاردىن رىۋايەت قىلىنغان سەھىھ ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلمايدىغان شىيئەلەر بارلىققا كەلگەن.[3] خاۋارىجلار كۆپ سانلىق ساھابىلەرنى كاپىر دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلمىغان بولسا، شىيئەلەر كۆپ سانلىق ساھابىلەرنى ئىشەنچسىز دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنى توقۇلما، يالغان دەپ قوبۇل قىلمايدۇ. ئەمما ئەھلى سۈننەت جامائىتى بارلىق ساھابىلارنى

---

[1] خەلىپە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى چىققان، ئەھلى سۈننەت جامائىتىنىڭ توغرا ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلمىغان ئازغۇن بىر جامائەت.

[2] كۆپ سانلىق شىيئە مەزھەبىدىكىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەلىپەتنى ئەلىگە ۋەسىيەت قىلغان، باشقىلار ئۇنىڭغا خىيانەت قىلغان دەپ قارايدۇ.

[3] السنة ومكانتها في التشريع الإسلامي للدكتور مصطفى السباعي. ص150

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئادىل، ئىنسانچىللىق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىدىن يالغان ئېيتىشقا ئۇرۇنمايدۇ دەپ قارايدۇ ۋە ئۇلار رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلىپ ئەمەل قىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» ھەققىدە شەك پەيدا قىلىشقا پېتىنالمىغان ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىپ بازار تاپالمىغان يەھۇدىلار، ناسارالار ۋە باشقا دىن دۈشمەنلىرى مەركەز ئازغۇن جامائەتلەردىن پايدىلىنىپ مۇسۇلمانلار ئارىسىغا پىتنە تېرىپمۇ مەقسىتىگە يېتىپ بولالماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ھەققىدە شەك پەيدا قىلىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ يىلتىزىغا پالتا ئۇرماقچى بولغانلىقى ھەربىر بىلىم ئىگىسىگە ھېچ سىر ئەمەس. چۈنكى يىللارچە قوراللىق كۈرەش قىلىپ مۇسۇلمان دىيارلىرىنى ئىشغال قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن يەھۇدى ۋە ناسارالار ئىسلام تونىغا ئورالغان مۇستەشرىقلارنى[1] ئىسلام دىيارلىرىغا ئەۋەتىپ ھەدىس شەرىفنىڭ ھۆججەتلىكىدە شەك پەيدا قىلىش ئارقىلىق نادانلارنى دىنىدىن چىقارغىلى بولىدىغانلىقىنى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەپسىرى بولغان ھەدىس شەرىف ئىشەنچىسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈلسە، «قۇرئان كەرىم»مۇ ئەمەلسىز قېلىپ ئۆز مەقسىتىگە يەتمەكچى بولىدىغانلىقىنى خىيال قىلغان. «ئۇلار ئاللاھنىڭ نۇرىنى (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنى ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ، كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر.»[2]

ھەدىس شەرىف ھەققىدە شەك پەيدا قىلماقچى بولغان دىن دۈشمەنلىرىگە بىلىپ-بىلمەي خىزمەت قىلىۋاتقان، ياكى ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئاتالمىش ئالىملارنىڭ سەپسەتىلىرى مۇنداق تۆت نۇقتىغا مەركەزلەشكەن:

1. ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىمدە ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق»[3] دېگەن سۆزى بىلەن «ساڭا بىز كىتابنى( يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق»[4] دېگەن سۆزى «قۇرئان كەرىم»دە ھېچبىر نەرسىنىڭ كەم قالمىغانلىقىنى، دىنىي ئەھكاملارنىڭ ھەممىسى بايان قىلىنغانلىقىنى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەدىسكە ھاجىتىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا، قۇرئان بەرگەن خەۋەر يالغان بولۇپ قالىدۇ، قۇرئاننىڭ يالغان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

2. ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز»[5] دېگەن سۆزى ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»نىلا ساقلايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ھەدىس قۇرئانغا ئوخشاش ھۆججەت بولغان بولسا، ئۇنىمۇ ساقلاشنى ئۈستىگە ئالغان بولاتتى.

3. ئەگەر ھەدىس شەرىف قۇرئانغا ئوخشاش ھۆججەت بولغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئاننى يېزىپ قالدۇرۇشقا بۇيرۇغاندەك ھەدىسنىمۇ يېزىپ قالدۇرۇشقا بۇيرۇيتتى. يېزىپ قالدۇرۇلغان بولسا، ئۇنتۇلۇپ قېلىش، خاتا سۆزلەپ سېلىش ۋە ئۆزگەرتىلىپ قېلىشتەك بولمىغۇر ئىللەتلەردىن ساقلانغىلى بولاتتى-دە، ئۇنىڭ سەھىھلىكى قۇرئانغا ئوخشاش يېتىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى يېزىشتىن چەكلىگەن، يېزىلغانلىرىنى ئۆچۈرۈشكە بۇيرۇغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغان. شۇنىڭدەك يەنە ھەدىسنىڭ يېزىپ

[1] ئىسلام دىنىغا زىيانكەشلىك قىلىش مەقسىتىدە ئىسلام دىيارىغا كېلىپ ئىسلام تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان غەرب ئالىملىرىنى كۆرسىتىدۇ.

[2] سۈرە سەپ، 8-ئايەت.

[3] سۈرە ئەنئام، 38-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] سۈرە نەھل 88-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[5] سۈرە ھىجر، 9-ئايەت.

توپلىنىشى ئىككىنچى ئەسىردە بارلىققا كەلگەن، بۇ ۋاقىتتا ھەدىسنىڭ سەھىھلىكى جەزمى قىلىنماي گۇمان قىلىنغان. ئاللاھنىڭ دىنىدا گۇمانغا ئورۇن يوق.

4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس شەرىفنىڭ ھۆججەت ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدىغان ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان، ئۇنىڭدىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى: «كېيىنكى زاماندا مېنىڭ نامىمدىن كۆپ ھەدىسلەر تارقايدۇ، ئۇنىڭدىن قۇرئانغا مۇۋاپىق بولغانلىرى مېنىڭدىن، قۇرئانغا مۇۋاپىق كەلمىگەنلىرى مېنىڭدىن ئەمەس». بۇ ھەدىس قۇرئاندىن باشقا نەرسىنىڭ ھۆججەت ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى قانداق بىر ھەدىس قۇرئاندا يوق بىر ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئۇ قۇرئانغا خىلاپ كەلگەن بولۇپ رەت قىلىنىدۇ، ئەگەر قۇرئاندا بار ھۆكۈمنى بايان قىلسا، ئەگىشىش ۋە ئەمەل قىلىش قۇرئانغا بولىدۇ ھەدىسكە ئەمەس.

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن تۆت نۇقتا ئاستىدىكى پىكىر، ھەدىس شەرىفنىڭ ھۆججەتلىكىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ سەپسەتىلىرى بولۇپ، ئىلىمدىن ئاز-تولا نېسىۋىسىنى ئالغان كىشىلەرگە ئۇنىڭ باتىللىقى ۋە ئايەت-ھەدىسلەرگە بەرگەن تەپسىرىنىڭ ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ توغرا يولىغا زىت ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

بىرىنچى سەپسەتىنىڭ جاۋابى:

«قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق قائىدىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاراملىقى، زىنا-پاھىشىنىڭ ھاراملىقىغا ئوخشاش بەزىلىرىنى ئوچۇق بايان قىلغان بولسا، ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەج ئىبادەتلىرىنىڭ تەپسىلاتى... قاتارلىق بەزىلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بايان قىلىپ بېرىشىگە قالدۇرغان. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆزى نازىل قىلغان دىننى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى پەرز قىلغان ۋە پەيغەمبەرگە ئەگەشكەنلىكنى ئاللاھقا ئەگەشكەنلىك بولىدىغانلىقنى ئۇقتۇرغان. «كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ.»[1] «بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار (بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن دەپ نازىل قىلدۇق.»[2] بۇ ئايەتتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شەرىئەتنى بايان قىلىپ بېرىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانلىقىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بايانلىرى ئەگىشىش پەرز بولغان قۇرئاننىڭ بايانى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئىمام شافىئى رەھىمەھۇللا مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر كىشى ئاللاھنىڭ پەرزلىرىنى قوبۇل قىلسا، پەيغەمبىرىنىڭ ھەدىسلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى پەرز قىلغان. قانداق بىر كىشى پەيغەمبەردىن بىر ھۆكۈمنى قوبۇل قىلسا، ئۇنى ئاللاھتىن قوبۇل قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنى بۇيرۇغان.»[3]

دېمەك، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەممە نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان بولۇپ نازىل قىلىنىشى بىلەن ھەدىسنىڭ ھۆججەتلىكىدە ھېچقانداق قارشىلىق يوق. بەلكى «قۇرئان كەرىم» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئەتنى بايان قىلىپ بېرىشىنى، ئۇنىڭ بايانلىرىنى (يەنى ھەدىسلىرىنى) قوبۇل قىلىپ، ئىتائەت قىلىشنى پەرز قىلدى. «ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلار ئىتائەت قىلىشتىن يۈز ئۆرۈسە، ئاللاھ كاپىرلارنى(يەنى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغان، پەيغەمبەرلىرىگە ئاسىيلىق قىلغانلارنى)

---

[1] سۈرە نىسا، 80-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە نەھل، 44-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] الرسالة ص 33.

www.uyghurkitap.com

دوست تۇتمايدۇ.»[1]

ئىككىنچى سەپسەتىنىڭ جاۋابى:

ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز» دېگەن ئايەتتە ساقلاشقا ۋەدە قىلغىنى قۇرئانغىلا خاس بولماستىن، بەلكى پەيغەمبەرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان شەرىئەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. پەيغەمبەرگە نازىل قىلىنغان شەرىئەت قۇرئان، ھەدىستىن ئىبارەت. بۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ «**فاسألوا أهل الذكر إن كنتم لا تعلمون**»[2] دېگەن ئايىتى دەلىل بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئايەتتىكى (**الذكر**) ئالدىنقى ئايەتتىكى(**الذكر**)دىن بولغان مەقسەتنىڭ ئاللاھنىڭ دىنى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ[3]. ئەگەر كۆپ سانلىق مۇپەسسىرلەرنىڭ تەپسىرى بويىچە «(**الذكر**)نىڭ مەنىسىدىن قۇرئانلا كۆزدە تۇتۇلىدۇ» دېگەن تەقدىردىمۇ، قۇرئاننى ساقلاش ئۇنىڭ تەپسىرى ۋە بايانى بولغان ھەدىسلەرنى ساقلاشنى لازىم تۇتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى ھەدىسسىز قۇرئاننى چۈشىنىش ۋە ئەمەل قىلىشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىغا ئىتتىپاقلاشقان. ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق ئۆمرىنى ھەدىس توپلاش، ئۇنىڭ سەھىھلىرىنى يالغانلىرىدىن ئايرىشقا سەرپ قىلىدىغان مۇھەددىس ئۆلىمالارنى يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق ھەدىسلەرنى ساقلىغانلىقىدا ھېچ شەك يوق.

ئىسلام ئۆلىمالىرى، خۇسۇسەن ئىمام شافىئى رەھمەھۇللا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق ھەدىسلىرى مۇھەددىس ئۆلىمالار قېشىدا تېپىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسى ـ بەزىسىدىن كۆپ ھەدىس توپلىغان بولسىمۇ، بىرسىنىڭ قېشىدا يوق ھەدىس يەنە بىرسىنىڭ قېشىدا بولىدۇ، ئەگەر بارلىق ئۆلىمالار قېشىدىكى ھەدىسلەرنى بىر يەرگە توپلىسا، بىرمۇ ھەدىسنىڭ چۈشۈپ قالمىغانلىقىنى كۆرىمىز» دېگەن[4].

بىز شۇنىڭغا كەسكىن ئىشىنىمىزكى، ئىبادەت، مۇئامىلە، ئەخلاق ۋە باشقا ھەرقانداق بىر شەرىئەت ئەھكامى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرمۇ ھەدىسى كەم قالغان ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق ئىش ـ ھەرىكىتى ۋە سۆزلىرى مۇھەددىس ئۆلىمالارنىڭ كىتابلىرىدا يېزىپ ساقلانغان. ئەلى ئىبنى ھەزم ئەندەلۇسى[5] «**إنا نحن نزلنا الذكر وإنا له لحافظون**» دېگەن ئايەتتىكى (**الذكر**) سۆزىنى قۇرئانغىلا خاس قىلغۇچىلارغا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: (**الذكر**)نى «قۇرئان كەرىم»گىلا خاس قىلىش، ئومۇمى سۆزنى دەلىلسىز خاسلاشتۇرغانلىق بولىدۇ. مەزكۇر ئايەتتىكى (**الذكر**) دېگەن سۆز ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىگە نازىل قىلغان قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كىشىلەرگە شەرىئەتنى بايان قىلىپ بېرىش ئۈچۈن نازىل قىلغان. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز، زاكات، ھەج ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ئىبادەتلەرنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە بەرگەن بايانلىرى بولمىغان بولسا، قۇرئاندىكى مەزكۇر ئىبادەتلەر ئەمەلسىز قالغان بولاتتى ۋە «قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنەلمىگەن بولاتتۇق.[6]

ئۈچىنچى سەپسەتىنىڭ جاۋابى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشقا بۇيرۇمىغانلىقى، بەلكى بەزى ھەدىسلەردە ئۇنى يېزىشتىن چەكلىشى، ھەدىس

---

[1] سۈرە ئالى ئىمران، 32 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نەھل، 43 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] السنة ومكانها في التشريع الإسلامي للدكتور مصطفى السباعي ص180
[4] الرسالة ص 43.
[5] 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن، ئىمام تەبەرىدىن قالسا، ئەڭ كۆپ كىتاب يازغان كاتتا ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ بىرى.
[6] الإحكام 121/1.

شەرىفىنىڭ ھۆججەت ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرمەيدۇ. ئۆز ۋاقتىدا خەت يازالايدىغانلارنىڭ سانى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»نى يېزىپ قالدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە ئۇنىڭغا باشقا سۆزلەرنىڭ ئارىلىشىپ قالماسلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بارلىق كۈچىنى «قۇرئان كەرىم»نى يېزىشقا مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەدىسنى يېزىشتىن چەكلىگەن. يېزىلغان ھەدىسلەرنى ئۆچۈرۈۋېتىش ھەققىدىكى بۇيرۇقلار ھەدىسنى قۇرئاننى يازغاندەك رەسمى شەكىلدە يېزىشتىن چەكلەشكە قارىتىلغان. بىر قانچە ساھابىلەرنىڭ ھەدىسلەرنى يېزىپ ساقلىۋالغانلىقى بۇنىڭ دەلىلى ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭدەك بىر سۆزنىڭ ھۆججەت بولۇشى ئۈچۈن يېزىپ قالدۇرۇلغان بولۇشى شەرت ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھۆججەتلىكى بىر قانچە يول بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ، مەسىلەن: مۇتەۋاتىر[1] دەرىجىدە ئاڭلىنىش بىلەن، ئادىل ۋە ئىشەنچلىك بىر كىشىنىڭ خەۋەر بېرىشى بىلەن ۋە يېزىپ قالدۇرۇلغان بولۇشى بىلەن ھۆججەتلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى تولۇق، راستچىل بىر كىشىنىڭ نەقلى قىلغان خەۋەرنىڭ قىممىتى يېزىپ قالدۇرۇلغان خەۋەرنىڭ قىممىتىدىن پەرقلەنمەيدۇ.

«ھەدىسنىڭ يېزىپ قالدۇرۇلۇشى كېيىن بارلىققا كەلگەن، شۇنداق بولغاچقا ھەدىسنىڭ سەھىھلىكى گۇمان بىلەن ئىسپاتلانغان، دىندا گۇمانغا ئورۇن يوق» دېگەن سۆز يالغان ھەدىس بىلەن بۇرمىلانغان ھەدىسلەرنى ئايرىپ چىقىشتىكى مۇھەددىس ئۆلىمالارنىڭ ئىجتىھاتىدىن خەۋەرسىز قالغان كىشىنىڭ سۆزىدۇر. مۇھەددىس ئۆلىمالار، دىن دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن توقۇلغان يالغان ھەدىسلەرنى، بۇرمىلانغان ھەدىسلەرنى، ھەتتا بىر ھەرپىكە چاغلىق نەرسە قوشۇلۇپ قالغان ھەدىسلەرنى ئايرىپ چىقىشتا مىسلىسىز تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى ۋە بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل ئۇسۇلنى قوللاندى.

1. ھەدىسنىڭ راۋىلىرىنى سۈرۈشتە قىلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپاتىدىن كېيىن ساھابىلەر بىر ـ بىرىدىن شەك قىلمايتتى، رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسنى قوبۇل قىلىشتا ئۇنىڭ راۋىلىرىنىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتە قىلمايتتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە پىتنە يۈز بەرگەندىن كېيىن ساھابىلەر ۋە تابىئىنلار ھەدىس راۋىلىرىنى سۈرۈشتە قىلىپ، ئىشەنچلىك ۋە راستچىل كىشىدىن رىۋايەت قىلىنغان بولسا قوبۇل قىلاتتى، ئەگەر ئىشەنچسىز، پاسىق ۋە بىدئەتچىلەردىن رىۋايەت قىلىنغان بولسا قوبۇل قىلمايتتى.

2. رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسنىڭ راستلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەدىسنىڭ باش راۋىسى بولغان ساھابىلەرگە ۋە تابىئىنلارغا مۇراجىئەت قىلىش. شۇنداقلا بىر ھەدىسنىڭ راستلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن يۇرت ئاتلاپ سەپەر قىلغانلىقى تارىخ كىتابلىرىدا كۆپ سۆزلەنگەن.

3. ھەدىس راۋىلىرىنىڭ تارىخىنى سۈرۈشتە قىلىش. مۇھەددىس ئۆلىمالار راۋىلارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق سەھىھ بىلەن يالغاننى، كۈچلۈك بىلەن ئاجىز ھەدىسلەرنى ئايرىپ چىققان. مۇھەددىس ئۆلىمالارنىڭ پېشۋاسى يەھيا ئىبنى سەئىد ئەلقەتتانغا بىرسى سەن ھەدىسنى قوبۇل قىلمىغان كىشىلەرنىڭ قىيامەت كۈنى بىزنىڭ ھەدىسىمىزنى قوبۇل قىلمىغان دەپ ياقاڭغا ئېسىلىشتىن قورقمامسەن؟ دېگەندە، ئۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمىشقا مېنىڭ ھەدىسلىرىمنى يالغان ھەدىسلەردىن ئايرىپ

[1] تىل بىرىكتۈرگەنلىكى ئەقلەن مۇھال سانىلىدىغان، كۆپسانلىق كىشىلەرنىڭ كۆپسانلىق كىشىلەردىن بىر خەۋەرنى نەقىل قىلغانلىقىنى مۇتەۋاتىر دېيىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

چىقمىدىلىك دەپ ياقامغا ئېسىلغىنىدىن ئۇلارنىڭ ئېسىلغىنى ياخشى» دەپ جاۋاپ بەرگەن.

4. ھەدىسلەرنى سەھىھ، ھەسەن ۋە زەئىپ دەپ تۆرگە ئايرىيدىغان قائىدە ـ پرىنسىپلارنى تۈزۈپ چىقىش. بۇ ئىنتايىن كەڭ بىر تېما بولۇپ، بۇ ھەقتە مەخسۇس توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

تۆتىنچى سەپسەتىنىڭ جاۋابى:

«كېيىنكى زاماندا مېنىڭ نامىمدىن كۆپ ھەدىسلەر تارقايدۇ، ئۇنىڭدىن قۇرئانغا مۇۋاپىق بولغانلىرى مېنىڭدىن، قۇرئانغا مۇۋاپىق كەلمىگەنلىرى مېنىڭدىن ئەمەس» دېگەن ھەدىسنى مۇھەددىس ئۆلىمالار راۋىلىرى زەنجىرسىمان بولمىغان ئۈزۈك ھەدىس، ئۇنداق بولغانىكەن كۈچكە ئىگە ئەمەس دېگەن. ئىمام بەيھەقى مەزكۇر ھەدىسنى خالىد ئىبنى ئەبۇ كەرىمە ئەبۇ جەئپەردىن، ئەبۇ جەئپەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان. خالىد ئەبۇ كەرىمە ناتونۇش بىر ئادەم، ئەبۇ جەئپەر ساھابە ئەمەس، ئۇنداق بولغان ئىكەن مەزكۇر ھەدىس (**منقطع**)[1] ھېساپلىنىپ كۈچكە ئىگە ئەمەس، دەيدۇ.[2] ئىبنى ھەزم رەھىمەھۇللا مەزكۇر ھەدىسنىڭ راۋىلىرى ھەققىدە توختىلىپ، ھەدىس يەنە بىر رىۋايەتتە ھۇسەين ئىبنى ئابدۇللادىن رىۋايەت قىلىنغان، ئۇ مۇھەددىس ئۆلىمالار تەرىپىدىن زىندىق دەپ قارالغان كىشى، دېگەن.[3] ئىمام بەيھەقى رەھىمەھۇللا: «ھەدىسنى قۇرئانغا توغرىلاش ھەققىدە كەلگەن مەزكۇر ھەدىس «قۇرئان بىزگە كۇپايە، قۇرئاننىڭ ھەدىسكە ھاجىتى يوق» دەپ ھەدىسنىڭ ھۆججەتلىكىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە قارشى ھۆججەت بولىدۇ، چۈنكى قۇرئاندا ھەدىسنى قۇرئانغا توغرىلاڭلار دەپ يوق» دەيدۇ.[4]

دېمەكچىمىزكى، ھەدىسنىڭ ھۆججەتلىكىنى ئىنكار قىلىش، قۇرئاننىڭ ھەدىسكە ھاجىتى يوق، بىزگە «قۇرئان كەرىم»لا كۇپايە دەپ داۋا قىلىش (**أشهد ان لا إله الا الله وأشهد أن محمدا رسول الله**) دەپ مۇسۇلمان بولغان كىشىنىڭ سۆزى ئەمەس. چۈنكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ كۆپ قىسمى ھەدىس بىلەن ئىسپاتلانغان. ئىبنى ھەزم رەھىمەھۇللا مۇنداق دەيدۇ: بىزگە قۇرئان يېتەرلىك، ھەدىسكە ھاجىتىمىز يوق دېگۈچىلەر، پېشىن نامازنىڭ تۆت رەكئەت ئىكەنلىكىنى، شام نامازنىڭ ئۈچ رەكئەت ئىكەنلىكىنى قۇرئاننىڭ قەيېرىدىن تاپالايدۇ؟ ئالتۇن، كۈمۈش، قوي، كالا ۋە تۆگىلەرنىڭ زاكىتى توغرىسىدىكى تەپسىلاتلارنى قۇرئاننىڭ قەيېرىدىن تاپالايدۇ؟ تالاقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، نىكاھنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، جازانىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى قۇرئاننىڭ قەيېرىدىن تاپالايدۇ؟ مەزكۇر ئەھكاملارنىڭ تەپسىلاتى پەقەت ھەدىس ئارقىلىق بايان قىلىنغان. بىزگە قۇرئانلا كۇپايە، ھەدىسكە ھاجىتىمىز يوق دىگۇچىلەر بىر كۈندە ئىككى ۋاخ بىر رەكئەتتىن ناماز ئوقۇشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ناماز شۇ مەزمۇنغا يانداش بايان قىلىنغان. ۋاھالەنكى، ناماز، روزا، زاكات قاتارلىق ئاساسلىق ئىبادەتلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرسەتكەن بويىچە ئېلىپ بارمىغانلار پۈتۈن ئۈممەتنىڭ بىردەك قارىشىدا كاپىر ھېسابلىنىدۇ.[5] ئاللاھ تائالا بارلىق مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغاي! (ئامىن)

ـــــ داۋامى كېيىنكى ساندا...

[1] ساھابىدىن بۇرۇن بىر راۋى چۈشۈپ قالغان ھەدىسنى كۆرسىتىدۇ.

[2] مفتاح الجنة ص 15.

[3] الإحكام لابن حزم 76/2.

[4] مفتاح الجنة ص 6.

[5] الإحكام لابن حزم 79/2–80



# (تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن تۈرلۈك مىللەت قىلىپ ياراتتۇق) دېگەن ئايەت توغرىسىدا

ئابدۇراھمان جامال كاشغەرى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر»[1] دەيدۇ.

بۇ ئايەت دۇنياغا رەھمەت، ئادالەت، باراۋەرلىك، ھىدايەت، تىنچلىق ۋە ياخشىلىق ئېلىپ كەلگەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنىڭ دۇنياۋى دەۋەت ئىكەنلىكىنى مۇقەررەرلەشتۈرمەكتە. شۇنداقلا بىرلىك، ئادالەت ۋە تەقۋالىق سايىسىدا ياخشىلىق ۋە تەرەققىياتنى رېئاللىققا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىنسانلار ھاياتىدا ھەمكارلىق، چىقىشىپ ياشاش ۋە ئۆزئارا تولۇقلاشلارنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلىمەكتە.

بۇ ئايەت باراۋەرلىك، ئادالەت ۋە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشلەر نۇقتىسىدىن ئىنسانىيەتكە خىتاب قىلىپ، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ بىرلىكىنى ئەسلەتمەكتە. قاچان، قەيەردە، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزىنى باشقىلاردىن ئالاھىدە دەپ قارىۋېلىشنى ئىنكار قىلماقتا. شۇنداقلا پۈتۈن كائىناتنىڭ ئەركەك ۋە چىشىلىقتىن ئىبارەت قانۇنىيەت ئۈستىدە شەكىللەنگەنلىكىنى ئەسلەتمەكتە.

«تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق» دېگەن ئايەت ئىنسانىنىڭ ئىرقىي، ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي جەھەتتىن تۈرلۈك بولىدىغانلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرمەكتە. ئىنسانلارنىڭ تىل، رەڭ ۋە ئىرقى جەھەتتىن تۈرلۈك بولغانلىقى دىن، ئېقىم، كۆز ـ قاراش، سىياسەت، ئىقتىساد، ئىجتىمائىي ۋە مائارىپ جەھەتتىن تۈرلۈك بولۇشىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقى شەكسىز ھەقىقەت.

ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن» دېگەن سۆز ئىنسانلار ئارىسىدا ياخشى ئالاقە تۇرغۇزۇش، ياخشى ئىشلاردا ھەمكارلىشىش ۋە چىقىشىپ ياشاش دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ. ئۆزئارا تونۇشۇش چىقىشىپ ياشاش، ماسلىشىش، ھەمكارلىشىش ۋە ياردەملىشىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

«تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن» دېگەن ئايەت

[1] (ھوجۇرات سۈرىسى، 13 ـ ئايەت).

www.uyghurkitap.com

زېمىننى گۈللەندۈرۈش، ئۆزئارا مەنپەئەت ئالماشتۇرۇش ۋە ۋە شۇ ئاساستىكى گۈزەل مۇھىتنىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئالاقىنىڭ ماددىي، مەنىۋىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن شەكىللىنىشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

تونۇشۇش كۆپ خىللىقنى ئېتىراپ قىلىش، باشقىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى، سالاھىيىتى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ھۆرمەتلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىلىم-مەرىپەت ئالماشتۇرۇش ھاياتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مۇشكۇللىرىگە ھەمكارلىششىنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى بىلىم-مەرىپەت ۋە مەلۇمات ئىنسانىي ئورتاقلىققا ئىگە. تونۇشۇش مەدەنىيەتلەر ئارا ھەمكارلىشىش، مەرىپەت ۋە ھەمكارلىقتا ئۆزئارا ماسلىشىش، ئەدىيە ئېقىملىرىدىن پايدىلىنىش ۋە مىللەتلەر ئارا يار يۆلەكتە بولۇش دېمەكتۇر.

دۇنيا تۈرلۈك مەدەنىيەتلەر جەمگاھىدىن ئىبارەت. ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەردىمۇ ئۆزئارا ھەمكارلىششقا بولىدىغان «ئومۇمىي ئىنسانىي ئورتاقلىق» رايونى مەۋجۇت. ھەربىر مەدەنىيەتنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مەدەنىيەت كىملىكى ۋە مەدەنىيەت خاسلىقى بولىدۇ. ھەربىر مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگە يارىشا قىممەتقاراشلىرى بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەت ئىنسانلارنى تونۇشۇشقا ۋە چىقىشىپ ياشاشقا چاقىرماقتا. چىقىشىپ ياشاش مەدەنىيەتلەر ئارا دىئالوگ ئېلىپ بېرىش ۋە تونۇشۇشنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن، ھەربىر خەلقنىڭ ئۆزىگە خاس ئەقىدە، مەدەنىيەت، ئەخلاق، تىل ۋە مىللى ئارتۇقچىلىقنى ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىنسانلار ئۆزئارا ھۆرمەتنى يۈكسەلدۈرۈش، ئورتاق قىممەت قاراشلارنى تېپىپ چىقىش، مىللەتلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش ئۈچۈن مەدەنىيەتلەر ئارا دىئالوگ ئېلىپ بېرىش ئىنسانىي زۆرۈرىيەت. زېمىننى گۈللەندۈرۈشتە بارلىق كىشىلەر ئورتاق. ئىنساننىڭ ھاياتى ۋە ھۆرمىتى مۇقەددەس مەسىلە. كىشىلەر ئارىسىدىكى ئورتاق پايدىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىنسانىي ھەمكارلىق تولىمۇ زۆرۈر.

ئىسلام باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ياشاش ئۈچۈن ئورتاقلىقنى ئالللىبۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان: «ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر-بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى» دېگىن».[1]

## 1. ئىنسانىي ئورتاقلىق

ئىنساننىڭ يارىتىلغاندىن تارتىپ ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن جاپا چېكىدىغانلىقى مۇقەررەر. ھەر ئادەم ئەتراپىدىكىلەرگە قارىسا بىر قىسىم ئورتاقلىقنى يەنە بىر قىسىم پەرقلەرنى بايقايدۇ. ياشىغان مۇھىت ۋە ئېتىقادلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قارىتا ئەنئەنە ۋە ئادەتلەردە پەرقلەرنىڭ بولۇشى نورمال ئەھۋال.

ئىنسان چەكلىك ئىقتىدار ۋە ئىمكانىيىتى ئارقىلىق بەزى ئىشلارغا قادىر بولالىغان تەقدىردىمۇ يەنە بەزى ئىشلاردا قىينىلىدۇ. دېمەك، ئىنسان ھەر قانچە ئىقتىدارلىق ۋە زېرەك بولغان تەقدىردىمۇ يەنىلا ھېچكىشىگە تايانماي مۇتلەق مۇستەقىل ياشىيالمايدۇ.

دۇنياغا نەزەر سېلىپ باقىدىغان بولساق ئاللاھنىڭ بايلىقلارنى دۇنيانىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرىگە ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى، پۈتۈن بايلىقنىڭ بىر رايوندىن تېپىلمايدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

دېمەك، ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىلىرى مۇنداق ئىككى خىل يۆنىلىش بويىچە بولىدۇ:

[1] سۈرە ئال ئىمران 64 ـ ئايەت

بىرىنچى: ھەر تەرەپنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى رىئاللىققا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تونۇشۇش ۋە ھەمكارلىشىش.

ئىككىنچى: شەخسى مەنپەئەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، باشقىلار بىلەن ھەمكارلاشماسلىق ۋە ئارىدا توقۇنۇش پەيدا قىلىش.

ھەمكارلىشىش ئىنسانلارنى نۇرغۇن ياخشىلىقلارغا مۇۋەپپەق قىلغان ۋە خەلقلەرگە پايدا ئېلىپ كەلگەن بولسا، توقۇنۇش ئېغىر ئۇرۇشلار ۋە كرىزىسلارغا باشلىغان.

## 2. ئىنسان ئىجتىمائىي مەخلۇق

ئىنسان ئىجتىمائىي مەخلۇق بولۇپ، مۇئەييەن بىر توپ شەكلىدە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بۇ توپنىڭ ئەڭ دەسلىپى ئائىلىدىن باشلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيىتى تونۇشۇش ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدا قولغا كەلگەن. جەمئىيەتشۇناس ئىبنى خەلدۇن: «ئىنسان ھەمكارلىق ئارقىلىق غىزاغا ۋە قورالغا ئېرىشەلىدى. بۇلار ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. دېمەك، ئىنسانىي ئورتاقلىق ئىنسان تۈرىنى قوغداش ئۈچۈن ۋە ئاللاھ ئىرادە قىلغان دۇنيانى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت يۈكسەك مەقسەت ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر» دېگەن.

## 3. ئورتاق مەنپەئەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تونۇشۇش تولىمۇ زۆرۈر

ئورتاق مەنپەئەت كىشىلەرنىڭ تونۇشۇش ۋە ھەمكارلىشىشىغا سەۋەب بولغاچقا تونۇشۇش ۋە چىقىشىپ ياشاش ئەقىللىق ئىنسانلارنىڭ قارىشىدا ئىنسانىي زۆرۈرىيەت دەپ قارالغان.

قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان «تونۇشۇش، چىقىشىپ ياشاش» سۆزى «ئىجتىمائىي ئالاقە» دېگەن سۆزگە مەنىداش كېلىدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقە بىر قانچە كىشى ئارىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنىڭ كوللىكتىپلاشقان بىر خىل شەكلى. ئورتاق مەنپەئەت ئۆزئارا مۇناسىۋەتنىڭ ئېھتىياجى. مەنپەئەت ئىنساننىڭ تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسى. ئىنسانلارنىڭ مۇشۇ مەنپەئەتىنى دەپ ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن، كىتابلارنى چۈشۈرگەن ۋە شەرىئەتلەرنى يولغا قويغان.

ساماۋى شەرىئەتلەرنىڭ ھەممىسى «دىن، جان، ئەقىل، ئابروي ۋە مال-مۈلۈك»نى قوغداشنى مەقسەت قىلغان. ئىمام شاتىبى «مۇسۇلمانلاردىن باشقا دۇنيادىكى نۇرغۇن خەلقلەرمۇ بۇ بەش تۈرلۈك مەسلىنىڭ زۆرۈرلىكىدە بىردەك قاراشتا» دەيدۇ. دېمەك، مۇشۇ بەش ئاساسنىڭ كاپالىتىگە مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق نەرسە مەنپەئەتلىك دەپ قارىلىدۇ ۋە شۇلارغا زىيان سالىدىغان ھەرقانداق نەرسە زىيانلىق دەپ قارىلىدۇ.

شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىدىن بىرى «ئومۇمى ئىنسانىي ئورتاقچىلىق»تىن ئىبارەت. ئىنسان ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدۇ. ئەخلاق، ھۆرمەت، ئەركىنلىك، بىلىم-مەرىپەت ۋە خىزمەت قىلىشمۇ شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرى قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

بۇ مەزمۇن ئاللاھنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارىتا ئېيتقان مۇنۇ سۆزىدە تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنىدۇ: «بىز سېنى پۈتۈن ئىنسانىيەت ۋە جاھانغا پەقەتلا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتۇق.»[1]

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى «ئى ئىنسانلار، مەن ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتكە ھەدىيە قىلغان رەھمىتى»[2] دەپ تونۇشتۇرغان.

«قۇرئان كەرىم» مەنپەئەتلىك ۋە پايدىلىق ئىشلاردا ھەمكارلىششقا بۇيرۇپ: «ياخشىلىق ۋە تەقۋالىققا ھەمكارلىشىڭلار»[3] دېگەن. تەپسىرشۇناس قۇرتۇبى بۇ ئايەت توغرىسىدا: بۇ، بارلىق ئىنسانلارنى ياخشىلىق ۋە تەقۋالىققا ھەمكارلىششقا چاقىرىلغان بۇيرۇقتۇر، دېگەن. دېمەك، مەنپەئەتلىك ئىشلار ئۈچۈن ھەمكارلىشىش ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى. شۇڭا ئۆزئارا تونۇشۇش

---

[1] (ئەنبىيا سۈرىسى، 107-ئايەت)

[2] ھاكىم رىۋايەت قىلغان

[3] (مائىدە سۈرىسى، 2-ئايەت)

uyghurkitap.com



ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئورتاق مەنپەئەت ئاساسلىرىنى مۇستەھكەملەشنى مەقسەت قىلىدىغان ئىلاھىي پىرىنسىپتۇر.

ئىنسانىيەتنىڭ رەھمەدىل ۋە مېھرىبان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى كىشىلەرگە مەنپەئەت ۋە پايدا يەتكۈزىدىغان كىشى»[1] دېگەندى.

ئىسلام فىقھىسمۇ ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتكە رىئايە قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان. مەنپەئەت سەۋەبىدىن بەزى پەتىۋالارنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ.

ئىمام ئىبنى قەييىم ئىسلام شەرىئىتىدىكى مەنپەئەت ئۇقۇمىنى چۈشەندۇرۇپ: «شەرىئەتنىڭ ئاساسى ۋە قۇرۇلمىسى ھېكمەت ئۈستىگە ۋە بەندىلەرنىڭ دۇنيا ــ ئاخىرەتتىكى مەنپەئەتى ئۈستىگە قۇرۇلغان. شەرىئەتنىڭ ھەممىسى ئادالەت، ھەممىسى رەھمەت، ھەممىسى مەنپەئەت، ھەممىسى ھېكمەتتۇر. قايسى بىر مەسىلە ئادالەتتىن زۇلۇمغا، رەھمەدىللىكتىن رەھىمسىزلىككە، مەنپەئەتتىن زىيان سېلىشقا، ھېكمەتتىن ئەھمىيەتسىزلىككە چىقىپ كەتسە، ئۇ ئىش شەرىئەتنىڭ قاتارىدىن ئەمەس» دېگەن.

بىز تۇختىلىۋاتقان مەنپەئەت ھەرگىزمۇ باشقىلارغا زىيان سېلىش بەدىلىگە قولغا كېلىدىغان شەخسىي مەنپەئەتنى ئەمەس، بەلكى كەڭ مەنىدىكى ئىنسانىي مەنپەئەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئىسلامنىڭ «ئىنسانىي ئورتاقچىلىق» قارىشى باشقا ئىنسانپەرۋەرلىكنى دەۋا قىلىدىغان ھەرقانداق قاراشلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.

«باشقىلارغا زىيان سېلىشقا بولمايدۇ، ئۆزى زىيان تارتىشقىمۇ بولمايدۇ»[2] دېگەن ھەدىس ئىسلامنىڭ «ئىنسانىي ئورتاقچىلىق» قارىشىنىڭ ئاساسىدۇر. يەنى ئىنسان ئۆزىنى زىيان ۋە ھالاكەتتىن ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن يىراق تۇتۇشقا، شۇنداقلا باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈشتىن يىراق تۇتۇشقا مەسئۇلدۇر. چۈنكى شەرىئەت مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان. بىراۋ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ باشقىلارغا زىيان سالسا بولمايدۇ، شۇنداقلا ئۆزىگە مەنپەئەت بولمىغان تەقدىردىمۇ باشقىلارغا زىيان سېلىشى يەنىلا چەكلىنىدۇ.

## 4. دۇنيانىڭ ئاۋاتلىقى ۋە خاتىرجەملىكى ئۈچۈن تونۇشۇش ئىنتايىن مۇھىم

ئىنسان بىلمىگەن نەرسىنىڭ دۈشمىنى دېگەن گەپ بار، ئىنسان بىر نەرسىنى بىلمىسە ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك پوزىتسىيەسىدە بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، تونۇشۇش، چۈشىنىش، دىئالوگ قانچە كۆپەيگەنسېرى توقۇنۇش ۋە زىددىيەت ئازلايدۇ.

مۇمكىنقەدەر ئۆزئارا تونۇشۇش ۋە چىقىشىپ ياشاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. چۈنكى ساماۋى شەرىئەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا تونۇشۇش، ھەمكارلىشىش ۋە چىقىشىپ ياشاشقا بۇيرۇغان. شۇڭا ئالىملار ۋە مۇتەپەككۇرلار تونۇشۇش ۋە ھەمكارلىششقا ئېلىپ بارىدىغان ۋاسىتىلەر ھەققىدە ئىزدىنىشى ۋە توقۇنۇشنى ھەل قىلىدىغان دورا ئىزدىشى لازىم.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ بىر كېسەلنى چۈشۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ دورىسىنىمۇ چۈشۈرگەن، بىلگەنلەر بىلىدۇ، بىلمىگەنلەر بىلمەيدۇ» دېگەندى.[3] دېمەك، ھەر قانداق كېسەلنىڭ دورىسى بار، مەسىلە شۇ دورىنى بايقاش ــ بايقىماسلىقتا. زىددىيەت ۋە توقۇنۇشنى داۋالاش ئۈچۈن تەكشۈرۈپ ۋە تەتقىق قىلىپ مۇۋاپىق دورىسىنى تېپىپ چىقىش لازىم. نۇرغۇن ئادەملەر زىددىيەت ۋە توقۇنۇشنىڭ ھەل قىلىش چارىسىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ شەخسىيەتچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك سەۋەبىدىن ئۇنىڭدىن باش تارتىدۇ. بۇ، ئاقىۋەتتە نۇرغۇنلىغان بىھۇدە ئۇرۇشلارغا ۋە ۋەيرانچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

[1] (ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

[2] (ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان)

[3] (ئەھمەد رىۋايەت قىلغان)

# ھەجدىكى ھېكمەتلەر ۋە قىممەتلەر



ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى

ئىسلام دىنىدا ھەربىر ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ ئارقىسىدا ئاللاھ تائالا ئورۇنلاشتۇرغان نۇرغۇن پايدا ـ مەنپەئەت ۋە سىر ـ ھېكمەتلەر بولىدۇ. بىز ئاللاھنىڭ قۇدرەت ۋە ئۇلۇغلۇقىغا بولغان ئىمانىمىزنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئۇلار ئۈستىدە ئىزدىنىشىمىز لازىم. «ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ».[1]

ھەج دىنىمىزدىكى بەش ئاساسنىڭ بىرى بولۇپ، پەرۋەردىگارىمىزغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزەللى ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام دىنىدا بەش ۋاخ نامازغا ئوخشاش كۈندىلىك ئىبادەت، جۈمە نامىزىغا ئوخشاش ھەپتىلىك ئىبادەت، ئىككى ھېيت نامازلىرى، زاكات، رامىزان روزىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش يىللىق ئىبادەتلەر بار. ئىبادەتلەر جىسمانىي ئىبادەت، ئىقتىسادىي ئىبادەت دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ھەج ئىبادىتى بولسا جىسمانىي ۋە ئىقتىسادىي ئىبادەت بولۇپ، شەرت ـ شارائىتلارغا ئىگە بولغان ھەربىر مۇسۇلمانغا ئۆمرىدە بىر قېتىم ئادا قىلىش پەرز قىلىنغان. شۇڭا بۇ ئۇلۇغ ئىبادەتتە ئىمانى كۈچەيتىدىغان نۇرغۇن تەربىيىۋىي پايدا ـ مەنپەئەت، سىر ـ ھېكمەتلەر ۋە ئارقا كۆرۈنۈشلەرنىڭ بولۇشى مۇقەررەر.

ئاللاھ تائالا بەيتۇللانىڭ ئىنسانلارغا ئىبادەت ئۈچۈن تۇنجى سېلىنغان ئۆي ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بەرىكەتلىك ۋە جاھان ئەھلىگە ھىدايەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا ماقامى ئىبراھىمغا ئوخشاش ئوچۇق ئالامەتلەرنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭغا كىرگەن كىشىنىڭ ئەمىن بولىدىغانلىقىنى، قادىر بولالىغان كىشىلەرگە ئۇنى زىيارەت قىلىشنى پەرز قىلغانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دىنىي ۋە دۇنياۋىي نۇرغۇن مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىدىغانلىقىنى جاكارلاپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللا) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر. ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر بار، ماقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى، بەيتۇللاغا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن بەيتۇللانى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۇبھىسىزكى، ئاللاھ ئەھلى

[1] سۈرە نەجم 39 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر».[1]

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرغۇن ھەدىسلىرى بار. ھەدىستە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئەمىر ئىبنى ئاسقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «مۇسۇلمان بولۇش، ھىجرەت قىلىش، ھەج قىلىش قاتارلىق ئەمەللەر بۇرۇنقى گۇناھلارنى ئۆچۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى بىلمەمسىز؟!».[2]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «كىمكى ھەج قىلىپ، (بۇ جەرياندا) ئىسلام ئەخلاقىغا زىت سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى قىلمىسا، گۇناھ سادىر قىلمىسا گويا ئۇ كىشى (گۇناھ ـ مەسىيەتلەردىن پاكلىنىپ) ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك بولۇپ قايتىدۇ».[3] «ئۆمرە يەنە بىر ئۆمرىنىڭ ئارىلىقىدىكى گۇناھلارغا كاپارەتتۇر، مەقبۇل بولغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتۇر».[4]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيىنىڭ ئونىنچى يىلى ھەج قىلىپ، ئىسلام ئۈممىتىگە ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ قانداق قىلىنىدىغانلىقىنى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن كۆرسىتىپ بەردى ۋە ئۇلارنى ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىشتا ئۆزىنى ئۈلگە قىلىشقا چاقىرىپ: «ھەج ئەمەللىرىڭلارنى مەندىن ئېلىڭلار، بەلكى مەن بۇ يىلدىن كېيىن سىلەر بىلەن ئۇچرىشالماسلىقىم مۇمكىن» دېدى.[5] بۇ ھەج ئىسلام تارىخىدا «ۋىدالىشىش ھەجى» دەپ ئاتالدى. شۇ يىلى جۈمە كۈنىگە توغرا كەلگەن ئەرەفات كۈنى ئەسىردىن كېيىن ئاللاھ تائالانىڭ: «بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېئمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم» دېگەن سۆزى نازىل بولدى.[6]

شەكسىزكى، ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ قەلبى ئاللاھنىڭ بەيتىنى كۆرۈشكە، تاۋاپ قىلىشقا، ھەجدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئىبادەتنى مۇكەممەل ئادا قىلىشقا تەلپۈنىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلا بولىدىكەن ئۇنىڭ قەلبى ئاللاھنىڭ بەيتىگە باغلانغان بولىدۇ. مۇسۇلمان ئائىلىدە تۇغۇلغان ھەر قانداق بىر بوۋاق ئىسلامدىكى ھەجنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەش پەرزنى ئاڭلاپ چوڭ بولىدۇ. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ھەر قانداق بىر كىشى شاھادەت كەلىمىسىدىن كېيىن ناماز، زاكات، روزا، ھەج قاتارلىق ئىسلامدىكى پەرزلەرنى ئۆگىنىدۇ ۋە ئادا قىلىدۇ. نامازلاردا ئاللاھنىڭ بەيتى تەرىپىگە يۈزلىنىدۇ. «بىز سېنىڭ (كەبە قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ) قايتا ـ قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. (نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن. (ئى مۇئمىنلەر!) قەيەردە بولماڭلار (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار».[7]

مۇسۇلمانلار پەرز ياكى نەپلە نامازلاردا ۋە ياكى دۇئالاردا بولسۇن ئاللاھنىڭ مۇقەددەس بەيتى تەرىپىگە يۈزلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبى بۇ مۇقەددەس جايغا كېچە ـ كۈندۈز تەلپۈنىدۇ.

مانا بۇ باغلىنىش مۇسۇلمانلارنىڭ كېچە ـ كۈندۈز ئاللاھنىڭ مۇقەددەس بەيتىنى كۆرۈش، تاۋاپ قىلىش تەشنالىقىنى كۈچەيتىپ تۇرىدۇ.

شۇڭا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار شەرت ـ شارائىت ھازىرلانسىلا بۇ مۇقەددەس ئورۇنغا كېلىپ، چاڭقىغان يۈرەكلىرىنى قاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىشىدۇ.

---

[1] سۈرە ئال ئىمران 96 ـ، 97 ـ ئايەتلەر.
[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[3] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[4] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[5] ئىمام ئەھمەد، ئىمام مۇسلىم، ئىمام نەسئى قاتارلىقلار رىۋايىتى.
[6] سۈرە مائىدە 3 ـ ئايەت.
[7] سۈرە بەقەرە 144 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ ھەرەمگە كېلىش نىيىتىپ بولغان ھەربىر ھاجى پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى بولغان ئاللاھنىڭ بۇ مۇقەددەس بەيتىنى كۆرۈش، تاۋاپ قىلىش، ئۆمرە ۋە ھەجدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىبادەتنى ئادا قىلىش نىيىتىگە ئېرىشتۈرگەن مېھرىبان ئاللاھقا چەكسىز مەدھىيەلەرنى ئېيتىشى، ھەج ئەمەللىرىنى كەم-زىيادە قىلماستىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن، مۇكەممەل ئادا قىلىشقا، ھەجنىڭ دىنىي ۋە دۇنياۋىي مەنپەئەتلىرىدىن تولۇق بەھرىلىنىشكە تىرىشىشى، بۇ ئىبادەتتىن پەقەت رەببىمىزنىڭ رىزاسىنى ۋە بارلىق گۇناھلىرىمىزنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى مەقسەت قىلىشى، گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىپ، يېڭى سەھىپە ئېچىلىپ، ھاياتنى قايتىدىن باشلاش پۇرسىتى بېرىلگەن ھالدا يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، ئۆز خەلقى ئۈچۈن ھىدايەت مەشئىلى بولۇشقا تىرىشىشى لازىم.

ھەج ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بارلىق گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىپ، ئاللاھ تائالا تەرىپىگە يۈزلىنىشى، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشى، ئاخىرەتكە ياخشى ئەمەل ۋە تەقۋالىقتىن ئىبارەت ياخشى ئوزۇق تەييارلىۋېلىشى ئۈچۈن كاتتا پۇرسەتتۇر.

ھاجىلار ئۆيلىرىدىن چىقىپ، ئېھرام باغلىغاندىن باشلاپ تا خوشلىشىش تاۋاپىنى قىلىپ، ئۆز ئۆيلىرىگە قايتقىچە بولغان ئارىلىقتا ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق ۋە تۇرلۇك ساھەلەردە نۇرغۇن پايدا-مەنپەئەتلەرگە، سىر-ھېكمەتلەرگە، تارىخىي ئەسلىمىلەرگە، تەسىرلىك ئىبرەتلەرگە ئېرىشىش پۇرسەتلىرىگە ئىگە بولىدۇ. ھەج مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىي تەربىيە ئالىدىغان ئالىي مەكتىپى ياكى ئۇلارنىڭ خەلقئارالىق ئەڭ چوڭ قۇرۇلتىيى ئورنىدا بولۇپ، ئۇلار بۇ جەرياندا دىنىي ۋە دۇنياۋىي نۇرغۇن مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىدۇ. «ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمغا بەيتۇللاھنىڭ ئورنىنى تەيىنلەپ بەردۇق، (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) «ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن، تاۋاپ قىلغۇچىلارغا، قىيام قىلغۇچىلارغا، رۇكۇ قىلغۇچىلارغا، سەجدە قىلغۇچىلارغا مېنىڭ ئۆيۈمنى پاك قىلغىن. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ، ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دىنىي ۋە دۇنياۋىي) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن، بەلگىلەنگەن كۈنلەردە (يەنى قۇربانلىق كۈنلىرىدە) ئاللاھ ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا ماللارنى (يەنى تۆگە، قوي، ئۆچكىلەرنى ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ قۇربانلىق قىلسۇن». سىلەر قۇربانلىقلارنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، مۇھتاجغا، پېقىرغا بېرىڭلار».[1]

ھەجنىڭ پايدا-مەنپەئەت، سىر-ھېكمەتلىرى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنى بۇ يەردە يېزىپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس، بىز بۇ يەردە پەقەت ھەجنىڭ بەزى تەربىيىۋى مەنپەئەتلىرىگىلا ئىشارەت قىلىپ ئۆتىمىز. ھەجنىڭ بەزى تەربىيىۋى مەنپەئەتلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇش. مەنىسىنى بىلىپ ئۆمرە ياكى ھەجگە تەلبىيە ئېيتىپ ئېھرامغا كىرگەن، كەبىنىڭ تارىخىنى بىلىپ، ھۆرمىتىنى ساقلاپ تاۋاپ قىلغان، سافا-مەرۋە ئوتتۇرىسىدا چۈشىنىپ سەئيى قىلغان، مۇزدەلىفەدە ھېكمىتىنى بىلىپ قونغان، مىنا ۋە ئەرەفاتتا مىنا ۋە سىر-ھېكمەتلىرىنى بىلىپ تۇرغان، تاش ئېتىش، قۇربانلىق قىلىش، چاچنى چۈشۈرۈش ياكى قىسقارتىش قاتارلىق ئەمەللەرنى چۈشىنىپ ئادا قىلغان ھەربىر ھاجىنىڭ ئاللاھ تائالاغا بولغان ئىمانى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ ۋە ئاللاھنى ھەقىقىي تونۇيدۇ.

2. ئىمان ۋە تەۋھىدنى مۇستەھكەملەش ۋە ئاللاھ رازىلىقىغا ئۆزىنى بېغىشلاش. «ھەج بىلەن

[1] سۈرە ھەج 26-، 27-، 28- ئايەتلەر.

www.uyghurkitap.com



ئۆمرەنى ئاللاھ ئۈچۈن تولۇق ئورۇنلاڭلار».[1] «(ھەج ئىبادىتى) ئەنە شۇدۇر. كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى ئۇلۇغلىسا (يەنى ھەج جەريانىدا ئاللاھنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلەنسە)، بۇ، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى) ئۈچۈن ياخشىدۇر. سىلەرگە چاھار پايلاردىن قۇرئاندا (ھاراملىقى) بايان قىلىنغانلىرىدىن باشقىلىرى ھالال قىلىندى. سىلەر بۇتلاردىن ئىبارەت نىجىستىن ساقلىنىڭلار، يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار. ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار».[2]

3. ئىمانىي قېرىنداشلىقنى، ئىسلامىي بىرلىكنى كۈچەيتىش. تىل، رەڭ، ۋەتەن ۋە ئىرقى ھەرخىل ھاجىلار بىرلا زاماندا بىرلا ماكانغا يىغىلىدۇ. بۇ ھاجىلارنىڭ ئۆزئارا تونۇشۇشى، ھەمكارلىششى، پىكىر ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ۋە جانلىنىشىدا ئىمانىي قېرىنداشلىق، ئىسلامىي بىرلىك بەكمۇ مۇھىم. تىللىرى، رەڭلىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ھەر خىل بولغان مۇسۇلمانلار دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن بۇ مۇقەددەس زېمىنغا يىغىلىدۇ. بۇ ئورۇندا ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپىتى بىر بولغىنىدەك، ئىچكى دۇنياسى ۋە غايىلىرىمۇ بىر بولىدۇ. مەسىلەن: بىر يەرگە يىغىلغان ھەربىر ھاجىدىن: سىز بۇ مۇقەددەس زېمىنگە نېمە مەقسەتتە كەلدىڭىز؟ دەپ سورىسىڭىز، ئۇ ئىككىلەنمەستىنلا: ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ، ئۇنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىنى ۋە رەھمىتىنى ئۈمىت قىلىپ كەلدىم، دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ بۇ مۇقەددەس جايدا ئىچكى ـ تاشقى جەھەتلەردىن بىرلىك ھاسىل قىلغانلىقىنىڭ ئاددى مىسالىدۇر. شۇنىڭ بىلەن ھاجىلار بۇ بىرلىكتىن چوڭ ئېنېرگىيە ھاسىل

[1] سۈرە بەقەرە 196 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ھەج 30 ـ، 31 ـ ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى.

قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى چۈشكۈنلۈكنىڭ ئورنىنى ئۈمىدۋارلىق ئىگىلەيدۇ. ئۇلاردا يۇرت ـ ماكانلىرىغا قايتقاندىن كېيىن ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت ـ شەرىپى ئۈچۈن بىرلىشىپ خىزمەت قىلىش ئېڭى پەيدا بولىدۇ. ھەجدە بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق پايدا ـ مەنپەئەت بولمىغان تەقدىردىمۇ بۇ يېتەرلىك بولاتتى، ئەلۋەتتە!

شەرق ۋە غەربتىكى ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ئۆمرە ۋە ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرگە مۇمكىنقەدەر چەكلىمە قويۇپ، قاتناشتۇرماسلىققا تىرىششى ھەج ئارقىلىق مۇسۇلمانلاردىكى ئىمانىي قېرىنداشلىق ۋە ئىسلامىي بىرلىكنىڭ كۈچىيىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

4. دىنىي ئىشلارنى ئۇلۇغلاش ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. چۈشىنىپ، بىلىپ ھەج قىلغان كىشى ئىبادەتلەرگە سەل قارىمايدىغان، دىنىي ھۆكۈملەرنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن جان پىدا قىلالايدىغان ھەقىقىي تەقۋا مۇئمىنلاردىن بولىدۇ. «ئىش مانا شۇنداق، كىمكى دىنىي ئىشلارنى (جۈملىدىن ھەجنىڭ ئەمەللىرىنى، قۇربانلىقلارنى) ئۇلۇغلايدىكەن، بۇ، دىللارنىڭ تەقۋادارلىقىدىندۇر».[3]

5. ھېسسىياتنى كونترول قىلىش ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن قول يىغىش، ئاچچىقنى يۇتۇش، جېدەل ـ ماجرا قىلماسلىق، كەمتەر بولۇش، مۇلايىم بولۇش، سېخىي بولۇش، ياخشى ئىش قىلىش قاتارلىق گۈزەل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈش. «ھەج ۋاقتى مەلۇم بىر قانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدۇر). بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ، سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ

[3] سۈرە ھەج 32 ـ ئايەت.

(ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن) زاد ـ راھىلە ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد ـ راھىلە تەقۋادارلىقتۇر. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! ماڭا تەقۋادارلىق قىلىڭلار».[1]

6. تەلبىيە، تەكبىر، تەھلىل ۋە دۇئالارنى كۆپ ئوقۇپ، ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىش. ھەجنىڭ ئەڭ ئالىي غايىلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ ئەڭ روشەن ھېكمەتلىرىنىڭ بىرى ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىشنى ئادەتلەندۇرۇش ئارقىلىق ھەقىقىي مەنىدىكى ئادىمىيلىكنى يېتىلدۈرۈشتۇر. «ئەرەفاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرى ھەرەمدا (يەنى مۇزدەلىفەدە) ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ياد ئېتىڭلار، ئىلگىرى سىلەر ھەقىقەتەن گۇمراھ ئىدىڭلار (يەنى ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلىشتىن ئىلگىرى گۇمراھلار قاتارىدا ئىدىڭلار)».[2]

7. ۋاقىتقا رىئايە قىلىش. ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ ۋاقىتقا بولغان باغلىنىشى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، بۇ ئىنسان ھاياتىدا ۋاقىتقا رىئايە قىلىشنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. ئەرەفاتتا تۇرۇش، مۇزدەلىفەدە قونۇش ۋە ئۇ يەردىن مىناغا قايتىش، مىنادا بىر قانچە كۈن تۇرۇش ۋە كېچىلىرى قونۇش، تاش ئېتىش ئەمەللىرىدىكى ئىنچىكە ۋاقىت تەرتىپلىرى شۇنىڭدەك، ھەج قىلىش ۋاقتىنىڭ يىل ئىچىدىكى مۇئەييەن بىر ۋاقىتقا بەلگىلىنىشى قاتارلىقلار بىزگە ۋاقىتقا رىئايە قىلىشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكىنى ئۆگىتىدۇ. ۋاقىت دېمەك ھايات دېمەكتۇر. ھەج پائالىيىتى جەريانىدا ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يەتكەن كىشى ھەجدىن كېيىن ۋاقىتنى ھەرگىز زايە قىلمايدىغان بەلكى داۋاملىق ۋاقىتقا رىئايە قىلىدىغان بولىدۇ.

8. ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش، قىيىنلاشتۇرماسلىق. بۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن يەنە بىر ئالاھىدىلىك بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىك ھەجدە ناھايىتى ئوچۇق نامايان بولىدۇ. ھەدىس كىتابلىرىدا بەزى ساھابىلارنىڭ «خوشلىشىش ھەجىدە» مىنادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بەزى ئەمەللەرنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قالغانلىقىدىن سورىغانىدا، ئۇ زاتنىڭ: «پائالىيىتىڭىزنى داۋاملاشتۇرىۋېرىڭ، (بىلمەستىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قالسا) ھېچقىسى يوق»،[3] دەپ جاۋاپ بەرگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاببas ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپكە ھاجىلارنى سۇغىرىش ئۈچۈن مىنادا كۈنلىرى كېچىدە مەككىدە قونۇشقا ئىجازەت بەرگەنلىكى، ئاياللار ۋە كىچىك باللارنىڭ مۇزدەلىفەدىن كېچىدە مىناغا كېلىپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بۇرۇن تاش ئېتىشقا رۇخسەت بەرگەنلىكى قاتارلىق ھاجىلارغا ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش، قىيىنلاشتۇرۇپ قويماسلىققا ئالاقىدار ھەدىسلىرى بايان قىلىنىدۇ. ھەجدە ئاسانلاشتۇرۇش، قىيىنلاشتۇرماسلىق پرىنسىپلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ھەج قىلماقچى بولغان كىشىگە ھەج تەمەتتۇئ ياكى ھەج قىران ۋە ياكى ھەج ئىفراد قىلىشتىن بىرىنى تاللاش، ھاجىلار ئىھرامدىن چىچىنى چۈشۈرۈپ چىقىش ياكى قىسقارتىپ چىقىش، مىنادىن زۇلھەججىنىڭ 12 ـ كۈنى قايتىش ۋە ياكى 13 ـ كۈنى قايتىش قاتارلىق بەزى ئىشلاردا ئاسان ۋە يېنىكنى تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلگەن بولۇپ، بۇ ئىشلار مۇسۇلمانلارغا ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش، قىيىنلاشتۇرماسلىق، مۇشەققەت سالماسلىق ھەققىدە دىنىي يېتەكچىلەرگە ناھايىتى چوڭ تەربىيەدۇر. ھەدىس كىتابلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە: «ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىڭلار، قىيىنلاشتۇرۇپ قويماڭلار، بىشارەت بېرىڭلار، نەپرەتلەندۈرمەڭلار»،[4] دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

9. بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىش ۋە

---

[1] سۈرە بەقەرە 197 ـ ئايەت.
[2] سۈرە بەقەرە 198 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[4] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەقۋالىقنى يېتىلدۈرۈش. ھەج قىلغان كىشى ئېھرامغا كىرىش بەلگىلىمىلىرى، تاۋاپ ۋە سەئيە قىلىش بەلگىلىمىلىرى، ئەرەفات، مىنا ۋە مۇزدەلىفەلەردە تۇرۇش ۋە قايتىش بەلگىلىمىلىرى، تاش ئېتىش، قۇربانلىق قىلىش بەلگىلىمىلىرى ۋە ئېھرامغا كىرگەندىن كېيىن قىلىش چەكلەنگەن بەلگىلىمىلەر قاتارلىق ھەج پائالىيەتلىرىدىكى ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىشنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق بەلگىلىمىلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىشنى ۋە تەقۋالىقنى يېتىلدۈرۈشنى ئۆگىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار، ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر».[1]

«ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ قانۇنىدۇر، كىمكى ئاللاھنىڭ قانۇنىدىن ھالقىپ كېتىدىكەن، ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ».[2]

بۇ ئايەتلەرگە ئاساسەن ھاجىلار بارلىق پائالىيەتلىرىدە ئاللاھنىڭ قانۇن بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ھەر دائىم كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىشىدۇ-دە، ئۇلارنىڭ تەقۋالىقى كۈچىيىدۇ.

ھەدىس كىتابلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاجىلارغا پائالىيەت جەريانلىرىدا بىر-بىرىنى ئىتتىرمەسلىككە، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىشقا ئىشارەت قىلغانلىقى ھەتتا بەزىلەر مېڭىشىنى تىزلىتىۋەتكەندە: «ئى خالايىق! ئالدىرىماي مېڭىڭلار، ئالدىراڭغۇلۇق ياخشى ئىش ئەمەس»،[3] دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

قېرىنداشلار! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاجىلارغا ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىش قانۇن-بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىش ۋە تەقۋالىقنى يېتىلدۈرۈش ھەققىدىكى بۇ گۈزەل تەربىيىسىگە قاراڭلار. ھاجىلارنىڭ يۇرت-ماكانلىرىغا بۇ گۈزەل تەربىيە بىلەن قايتىشى نېمىدېگەن ياخشى مەنپەئەت!

10. تونۇشۇش، دوستلىشىش ۋە ھەمكارلىشىش. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھاجىلار ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىش جەريانىدا بىر-بىرى بىلەن تونۇشىدۇ، دوستلىشىدۇ، سىردىشىدۇ ۋە ھەمكارلىشىدۇ. ئۇلار بىر-بىرىنىڭ يۇرت-ماكانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئەھۋاللىرىدىن خەۋەردار بولىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا بىر-بىرىنىڭ ياردەمدە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى پەقەت دىنىي قېرىنداشلىق رىشتىسى باغلاپ تۇرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىن مۇئمىن ئۈچۈن بىر-بىرىنى چىڭىتىپ تۇرىدىغان پۇختا بىناغا ئوخشاشتۇر».[4]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام راۋھا دېگەن جايدا بىر كارۋان بىلەن ئۇچراشقان بولۇپ، ئۇلاردىن «سىلەر كىم بولىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: بىز مۇسۇلمانلار بولىمىز دەپ جاۋاپ بېرىپ، سىز كىم؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن رەسۇلۇللاھ بولىمەن، دېدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىر ئايال بىر كىچىك بالىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ: بۇ بالا ھەج قىلسا بولامدۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بولىدۇ، سىزگە ئەجىر بېرىلىدۇ»،[5] دېدى. مانا مۇشۇنداق ئۆزئارا تونۇشۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېھرى-مۇھەببەت، بىر-بىرىگە كۆيۈنۈش، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ھاسىل بولىدۇ.

[1] سۈرە بەقەرە 229-ئايەت.
[2] سۈرە تالاق 1-ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[4] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[5] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

11. كەچۈرۈش ۋە ئەپۇ قىلىش. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىندۇ: «ئەرەفات كۈنى ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى دوزاختىن ئەڭ كۆپ ئازات قىلىدىغان كۈندۇر».[1]

بۇ ھەدىس ئاللاھ تائالانىڭ ناھايىتى كەچۈرۈم قىلغۇچى، ناھايىتى ئەپۇ قىلغۇچى، بەندىلىرىگە ناھايىتى مېھرىبان زات ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ كەچۈرۈم قىلىشنى، ئەپۇ قىلىشنى، رەھىم-شەپقەت قىلىشنى ئۈمىت قىلىپ كەلگەن ھەربىر ھاجى بۇ ئۈمىدلىرىگە يېتىش ئۈچۈن ئاۋۋال بىر-بىرىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ، ئەپۇ قىلىدۇ، رەھىم-شەپقەت قىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام ئۈممىتىگە ئاللاھ تائالانىڭ باشقىلارنى كەچۈرگەنلەرنى كەچۈرىدىغانلىقىنى، باشقىلارغا رەھىم قىلغانلارغا رەھىم قىلىدىغانلىقىنى ئۆگەتكەن.

12. پىداكارلىق. مەسجىدىل ھەرەمگە كىرىپ، ئاللاھنىڭ بەيتىنى كۆرگەن ھەر قانداق ھاجى كۆز ئالدىدىكى بۇ ئۇلۇغ كەبىنى بىنا قىلغان ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنى، ئۇلارنىڭ پىداكارلىقلىرىنى ۋە كېيىن بۇ كەبىنى مۇشرىكلارنىڭ قولىدىن ئازات قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بۇتلارنى چېقىپ تاشلاپ، ئۇنى شېرىك ئېتىقادلارنىڭ كىرلىرىدىن پاكلىغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى، ئۇ زاتنىڭ پىداكار ساھابىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ تەۋھىد، ھەقىقەت يولىدىكى پىداكارلىقلىرىنى ئەسكە ئېلىپ، ئۇلاردا پىداكارلىق روھلىرى جانلىنىشقا باشلايدۇ.

13. تارىخىي ئەسلىمىلەردىن ئىمانىي دەرس ئېلىش. ھەربىر ھاجى ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن تارىخىي ئەسلىمىلەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ھەربىر ھاجى ھەجگە يېتەرلىك زاد-راھىلە ئېلىش بىلەن ئاخىرەت زاد-راھىلىلىرىنى ئەسلەپ، رىياخورلۇق بىلەن ئەمەللىرىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىشىدىن ھەزەر ئەيلەيدىغان، ئاخىرەتكە ياخشى زاد-راھىلە تەييارلاشقا تىرىشىدىغان بولىدۇ. كىيىم-كېچەكلىرىنى سېلىپ ئېھرامغا كىرىش جەريانىدا ئاللاھنىڭ ئالدىغا دۇنيا ئەھلىنىڭ كىيىملىرىگە ئوخشايدىغان كىيىملەر بىلەن ئەمەس، بەلكى باي-كەمبەغەللىك پەرقلەنمەيدىغان كېپەنلىك كىيىپ بارىدىغانلىقىنى ئەسلەپ، ھەشەمەتلىك تۇرمۇشنىڭ كەينىدىن قوغلاشماي ئاددىي-ساددا ياشايدىغان، داۋاملىق ئۆلۈمنى ئەسلەپ تۇرىدىغان بولىدۇ. سافا-مەرۋە ئوتتۇرىسىدا سەئيى قىلىش جەريانىدا، ھاجەر ئانىنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، بۇ ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدا ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ يۈگۈرگەنلىكىنى، ئاخىرى ئۇنىڭ مۇرادى ھاسىل بولغانلىقىنى ئەسلەپ، ھەر قانداق ھاجەتلىرىنى ئاللاھتىن تىلەيدىغان ۋە ئۈمىدۋار ياشايدىغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك، قىيامەت مەيدانىدا نامە-ئەماللىنىڭ قايسى تەرەپتىن بېرىلىدىغانلىقىنى ئەسلەپ ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىپ، ياخشى ئەمەللەر ئارقىلىق تارازىسىنى ئېغىرلىتىشقا تىرىشىدىغان بولىدۇ. ئەرەفاتتا تۇرۇش جەريانىدا قىيامەت ۋە مەھشەر مەيدانى قاتارلىقلارنى ئەسلەپ، بۇ كۈن ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق قىلىدىغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ھەربىر ھاجى زەمزەم ئىچكەندە ھاجەر ئانىنى، ئۇنىڭ: «نە ئادىمىزات، نە يېمەك-ئىچمەك يوق بۇ جىلغىغا مېنى بۇ بوۋىقىم بىلەن بىرگە قويۇپ كېتىش ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن بولغان بولسا، ئاللاھ بىزنى ھەرگىز زايە قىلىۋەتمەيدۇ!»، دېگەن ئۇنىڭدىكى كۈچلۈك ئىمانغا دالالەت قىلىدىغان سۆزىنى ئەسلەپ، ئاللاھ تائالانىڭ ياخشى بەندىلەرنى ھەرگىز زايە قىلىۋەتمەيدىغانلىقىغا

[1] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى uyghurkitap.com

ئىمانى مۇكەممەل بولىدۇ. ھەربىر ھاجى يەنە منادا تاش ئېتىش پائالىيىتى جەريانىدا ھاجەر ئانىنىڭ يەنە بىر قېتىم سىنىلىپ، ئىش ـ كۈشلىرىگە يارىغىدەك بولغان تۇنجى ئوغلىنى ئاللاھ يولىدا قۇربانلىق قىلىش ئەمرى كەلگەندە: «ئى ئاللاھ يولىدا ھىلىغۇ بىر ئوغلۇمكەن، مىڭ ئوغلۇم بولسا بېرىشكە رازىمەن!» دېگەن ئۇنىڭدىكى ئىمانى كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ئەسلەپ، ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىنى ئاللاھ يولىدا تەقدىم قىلالايدىغان ھەقىقىي مۇئمىنلاردىن بولۇشقا تىرىشىدۇ. ھەربىر ھاجى يەنە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا: «ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ)، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟» دېگەن سوئالىغا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، ئاللاھ خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن»، [1] دەپ جاۋاپ بەرگەن كۈچلۈك ئىرادە ۋە مۇستەھكەم ئىمانىنى ئەسلەپ، زۆرۈرىيىتى كەلگەندە ئاللاھ يولىدا جان ۋە مېلىنى ئايىمايدىغان ئىمانى كۈچلۈك مۇئمىنلاردىن بولۇشقا تىرىشىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ھەربىر ھاجى ئۇلۇغ كەبىنى كۆرگەندە ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلغاندا يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، نۇرغۇن سىناقلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئۇلۇغ كەبىنى بىنا قىلىشقا تەكلىپ قىلىنغان ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ كەبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ: «پەرۋەردىگارىمىز بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەجىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى (يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن»، [2] دېگەن بۇ كەمتەرلىك بىلەن قىلغان دۇئالىرىنى ئەسلەپ، شۇلاردەك كەمتەرلىك بىلەن دۇئا قىلىپ «ھاجىم» بولغان سەۋەپلىك ئۆزلىرىدە كىبىر پەيدا بولۇپ قېلىشقا يول قويمايدىغان بولىدۇ.

ھەجنىڭ ھەربىر پائالىيەتلىرىدىن شۇ قەدەر ئىنچىكە ھېكمەتلەرنى يەكۈنلىيەلىگەن ھەربىر ھاجى ھەجنىڭ ھەقىقىي لەززىتىنى تېتالايدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ: «كىشىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دىنىي ۋە دۇنياۋى) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن»، دېگەن مۇبارەك سۆزىدىكى مەنپەئەتلەردىن ئاز ـ تولا بەھرىلىنەلەيدۇ. شۇڭا ھەج ياكى ئۆمرە ئىبادىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ھەربىر ھاجىنىڭ بۇ ئىبادەتلەرنى مۇنداقلا ئادا قىلىپ قويماستىن، بەلكى بۇ ئىبادەتلەرنى توغرا ۋە مۇكەممەل ئادا قىلىپ، «ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دىنىي ۋە دۇنياۋى) مەنپەئەتلەر»دىن ئاز ـ تولا بەھرىلىنىش ئۈچۈن بۇ ئىبادەتلەرگە ئائىت ياخشى ماتېرىياللارنى تېپىپ ئوقۇشنى ياكى بۇ مەزمۇندا سۆزلەنگەن دەرس سورۇنلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ قاتنىشىشى ئىنتايىن مۇھىم.

[1] سۈرە سافقات 102ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەر 127ـ، 128ـ، 129ـ ئايەتلەر.

دوكتور مۇھەممەد سوسيالدى

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۇسۇلى

## (2)

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇلئەھەد ھاپىز

### 3 ـ تەبلىغ قىلماقچى بولغان ئىشلارنى ئالدى بىلەن ئۆزى قىلىش:

كىشىلەرگە تەبلىغ ۋە نەسىھەت قىلىدىغان دەۋەتچىلەر، تەبلىغ قىلماقچى بولغان ئىشلارنى ئالدى بىلەن ئۆز ھاياتىدا تەتبىقلىشى كېرەك. باشقىلارغا يەتكۈزىدىغان ئىشلار ئۆزى ئىجرا قىلغان ئىشلار بولۇشى لازىم. شۇنداق، تەبلىغچى ئاۋامغا يەتكۈزۈش مۇھىم دەپ قارىغان ئىشلارنى ئاۋۋال ئۆزى قىلىشى ئاندىن باشقىلارنى بۇ ئىشلارنى قىلىشقا دەۋەت قىلىشى لازىم.

پەيغەمبىرىمىز باشقىلارغا يەتكۈزگەن ئىشلارنى ئالدى بىلەن ئۆزى قىلغان ۋە شۇ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلانغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى ئاڭلىغۇچىلارغا كۈچلۈك تەسىر قىلغان ۋە قوبۇل قىلىنغان.

مەسىلەن: رەسۇلۇللاھ ئىنسانلارنى ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىشقا دەۋەت قىلغاندا ئۆزى بۇ قۇلچىلىقنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى بولغان ۋە ئادەتتىكى كىچىك ئىشلاردىمۇ باشقىلارغا ئۈلگە بولغان. ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز مۇنداق بايان قىلىدۇ: «بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ يېنىمغا كېلىپ: «ئى ئائىشە! بۇ كېچە ماڭا رۇخسەت قىلامسىز؟ رەببىم بىلەن بولاي» دېدى ۋە نامازغا تۇردى. نامازدا «شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە روشەن دەلىللەر بار» دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى. نامازدا شۇنداق قاتتىق يىغلىدىكى، ئەگەر جەينامازنى سىقىلسا تامچىلاپ كۆز يېشى ئاقاتتى.»[1]

رەسۇلۇللاھ كېچىلىرى ناماز ئوقۇپ پۇتلىرى ئىششىپ كېتەتتى. بىر كۈنى: «سىلىنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنغان تۇرسا، نېمىشقا بۇنچىلىك كۆپ ئىبادەت قىلىدىلا!» دېدىم. رەسۇلۇللاھ: «شۈكۈرچان بەندە بولمايمەنمۇ؟» دەپ جاۋاپ بەردى.[2]

مەخزۇمىيە قەبىلىسىدىن ئابرويلۇق بىر ئايال ئوغرىلىق قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ قولىنىڭ كېسىلىشى ئۇ ئايالنىڭ ئائىلىسىگە ۋە قەبىلىسىگە نومۇس ئېلىپ كېلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەردىن بىرى بولغان ھەزرىتى ئۇسامەنى مەزكۇر ئايالنىڭ قولىنى كەسمەسلىك توغرىسىدا شاپائەتچى قىلىپ ئەۋەتتى. رەسۇلۇللاھ ئۇسامەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەنگەن ھالدا مۇنبەرگە چىقىپ

---

[1] ئىبنى كەسىر تەپسىرى 2 ـ توم، 164 ـ بەتكە قاراڭ.

[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



مۇنداق نۇتۇق سۆزلىدى: «سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر ئىچىدە يۈز ئابرۇيلۇق كىشىلەر ئوغرىلىق قىلسا جازالىماي، ئاددىي، بىچارىلەر ئوغرىلىق قىلسا قولىنى كېسەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى ھالاك قىلغان. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە ئوغرىلىق قىلغان تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قولىنى كەسكەن بولاتتىم.»[1]

رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ قەدەر ئالىيجانابلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ تا قىيامەت كۈنىگىچە ئۇنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىشىغا تۈرتكە بولغان. پۈتۈن ھاياتىدا مۇستەھكەم ئىمانى ئارقىلىق رەسۇلۇللاھقا باغلانغانلار رەسۇلۇللاھنىڭ گېپى بىلەن ئەمەلىيىتىنىڭ بىردەكلىكىدىن ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئىشەنگەن.

جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلماقچى بولغانلار رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ تەربىيىدىن ساۋاق ئېلىشى لازىم. شۇنداق، كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ قەلبلەرنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىشنىڭ بىردىنبىر شەرتى ئۆزى كۆرسەتمەكچى بولغان يولغا ئاۋۋال ئۆزى مېڭىشتۇر.

بىراۋغا ئاللاھتىن قورقۇپ ياش تۆكۈشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ۋەز ئېيتماقچى بولغاندا ئالدى بىلەن ئۆزىمىز كېچە تۇرۇپ ئاللاھنى ئەسلەپ ياش تۆكەلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئاندىن ئەتىگەندە ئاۋامغا بۇ ھەقتە ۋەز ئېيتساق گېپىمىز كىشىلەرگە تەسىر قىلىدۇ. بولمىسا ئاللاھ تائالانىڭ «نېمىشقا ئۆزۈڭلار قىلمايدىغان ئىشنى دەيسىلەر؟»[2] دېگەن ئايىتىنىڭ تەنقىد ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىمىز.

رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىگە ئېيتقان سۆزلىرى (ھەدىسلىرى) قولىمىزدا بار. خاتىپلار مۇنبەرلەردە راسا ۋارقىراپ ئۇ ھەدىسلەرنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. لېكىن بۇ ھەدىسلەر ناھايىتى ئاز ساندىكى مۇسۇلمانلارغىلا تەسىر قىلىدۇ. يەنە نۇرغۇن كىشىلەر قانچە قېتىملاپ ئاڭلىغان بولسىمۇ يەنە ئۆزى بىلگەن پەدىگە ياشىماقتا. بۇ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئەھۋال. بۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبى سۆز بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇيغۇن بولمىغانلىقى، خاتىپنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن سۆزلىگەن نۇتقىنىڭ، يازغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ھاياتى بىلەن يازغان كىتابىنىڭ بىر يەردىن چىقمىغانلىقىدۇر.

## 4 ـ دەۋەتنى چىرايلىق ئۇسلۇبتا يەتكۈزۈش

جانابى رەسۇلۇللاھ بىر نەرسە ئۆگەتمەكچى ياكى بىر ئىشنى تەۋسىيە قىلماقچى بولسا، ئالدى بىلەن ئاڭلىغۇچىنىڭ كۆڭلىنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ئۆزىگە رام قىلىپ ئاندىن گېپىنى دەيتتى. بۇنداق بولغاندا ئاڭلىغۇچىلار دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى ۋە ئۇ سۆزلەر ئاڭلىغۇچىغا تەسىر قىلاتتى. نەتىجىدە دەۋەت مۇۋەپپەقىيەتلىك بولاتتى.

مەسىلەن: بىر كۈنى بىر يىگىت رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا زىنا قىلىشقا رۇخسەت بەرسىلە، چۈنكى مەن سەۋر قىلالمايمەن» دەيدۇ. مەجلىستىكىلەر بۇ يىگىتنىڭ سۆزىگە ھەرخىل پوزىتسىيىدە بولىدۇ. بەزىلەر رەسۇلۇللاھقا مۇشۇنداق ئەدەپسىز گەپ قىلامسەن! دەپ ئۇنىڭ ئاغزىنى ياپماقچى بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ كۆينىكىدىن تۇتۇپ تارتىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ يۈزىگە بىر كاچات ئۇرماقچى بولىدۇ. لېكىن شەپقەت ۋە رەھمەت پەيغەمبىرى بۇ بولمىغۇر گەپلەرنى قىلغان ئەدەپسىز يىگىتنى يېنىغا چاقىرىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىگە يېقىن ئولتۇرغۇزىدۇ. رەسۇلۇللاھنىڭ بۇ ئىشى ئۇ يىگىتكە ناھايىتى تەسىر قىلىدۇ ۋە قەلبى رەسۇلۇللاھقا رام بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ ناھايىتى سىلىق تەلەپپۇزدا ئۇنىڭغا:

ـــ بۇ ئىشنىڭ ئاناڭغا قىلىنىشىنى راۋا كۆرەمسەن؟ ـ دەپ سورايدۇ.

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] سۈرە سەف: 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

— ئانام-دادام سىلىگە پىدا بولسۇن ئى رەسۇلۇللاھ ھەرگىز راۋا كۆرمەيمەن.

— ھېچكىم ئانىسىغا بۇنداق ئىشنىڭ قىلىنىشىنى راۋا كۆرمەيدۇ.

— سىنىڭ قىزىڭ بولغان بولسا، ئۇنىڭغا بۇنداق ئىشنىڭ قىلىنىشىنى خالامتىڭ؟

— جېنىم سىلىگە پىدا بولسۇن ئى رەسۇلۇللاھ ھەرگىز خالىمايتتىم.

— ھېچكىم قىزىغا بۇنداق ئىشنىڭ قىلىنىشىنى راۋا كۆرمەيدۇ.

— ھامماڭغا بۇنداق ئىشنىڭ قىلىنىشىنى راۋا كۆرەمسەن؟

— ياق، ئى رەسۇلۇللاھ ھەرگىز راۋا كۆرمەيمەن.

— سىڭلىڭغا بۇنداق ئىشنىڭ قىلىنىشىنى راۋا كۆرەمسەن؟

— ياق، ياق، راۋا كۆرمەيمەن.

— ھېچكىم ھاممىسى، تاغا ئاچىسى ياكى قىزىنىڭ بۇنداق ئىشقا ئۇچرىشىنى راۋا كۆرمەيدۇ.

رەسۇلۇللاھ مۇشۇنداق ئەقىل يولى بىلەن بۇ يىگىتنى زىنانىڭ يامان ئىش ئىكەنلىكىگە قايىل قىلغاندىن كېيىن، مۇبارەك قولىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە قويۇپ، «ئى ئاللاھ! بۇ يىگىتنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغىن، قەلبىنى پاكلىغىن ۋە ئىپپىتىنى ساقلىغىن» دەپ دۇئا قىلدى.[1]

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ يىگىت شۇنىڭدىن كېيىن ناھايىتى ئىپپەتلىك بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئەھۋالى ھەممىگە ئايان بولغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىم ئۇنىڭغا قىز بەرمىگەنىكەن. رەسۇلۇللاھ بۇنى ئۇقۇپ ئارىغا چۈشۈپ ئۇنى ئۆيلەندۈرۈپ قويغانىكەن. يىگىت ئۆيلەنگەندىن كېيىن قاتناشقان بىرىنچى غازاتتا شېھىد بولىدۇ. ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ساھابىلەردىن «شېھىد بولغانلار بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ساھابىلەر: يوق، ھەممىمىز تولۇق، دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ: «بەلكى بار» دەيدۇ ۋە بالىسىدىن ئايرىلغان، يۈرىكى لەختە بولغان دادا كەبىي ئەتراپنى ئىزدەشكە باشلايدۇ. خېلى كۆپ ئىزدىگەندىن كېيىن ھېلىقى يىگىتنى بىر يەردىن تاپىدۇ، قارىسا ئۇ يەتتە كاپىرنىڭ جەسىدىنىڭ يېنىدا پۈتۈن بەدىنى قانلار ئىچىدە، ھەر يىرى زەخمىلەنگەن ۋە قولىدا قىلىچ تۇتقان ھالدا شېھىد بولغانىكەن. رەسۇلۇللاھ يىگىتنىڭ بېشىنى تىزىغا ئېلىپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئاللاھ! بۇ مەندىندۇر ۋە مەن ئۇنىڭدىنمەن.»[2،3]

بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ساھابىلەر بىلەن مەسچىتتە ئولتۇراتتى. بىر ئادەم مەسچىتكە كىرىپ سىيگىلى تۇردى. ساھابىلەر ئۇنى ھەيدەپ چىقىرىشقا تەمشىلىۋېدى. رەسۇلۇللاھ: «توختاڭلا، ئۇنى سىيگىلى قويۇڭلار» دېدى. ئۇ بىر ئەئرابى (يەنى سەھرالىق ئادەم ئىدى). رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرنى توسمىغان بولسا ئۇنىڭغا قاتتىق مۇئامىلىدە بولۇشى، ھەتتا ئۇنى ھەيدەپ چىقىرىشى مۇمكىن ئىدى. سەھرالىق ئادەمگە بۇنداق قوپال مۇئامىلە قىلىنسا ساھابىلەر بىلەن ئۇنىڭ ھېچ پەرقى قالمايتتى. ئۇ ئادەم ھاجىتىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرگە «بىر چېلەك سۇ ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭ سىيدۈكىنىڭ ئۈستىگە تۆكۈڭلار» دېدى. ئاندىن ئۇ ئادەمنى يېنىغا چاقىرىپ، ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن: «بۇ يەر بۇنداق ئىشلارغا لايىق ئەمەس، بۇ ئاللاھنى زىكىر قىلىدىغان، ناماز ئوقۇيدىغان ۋە قۇرئان ئوقۇيدىغان جاي» دېدى.[4] ئۇ ئادەم خاتالاشقانلىقىنى چۈشىنىپ، خىجىل بولغان ھالدا

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] بەزى رىۋايەتلەردە بۇ يىگىتنىڭ ئىسمىنىڭ جۇلەيبىب ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

[3] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[4] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

چىقىپ كەتتى. ساھابىلەر بۇ ئادەمنىڭ ئەخلاقسىزلىقىغا رەسۇلۇللاھنىڭ شۇنچىلىك كەڭ قورساقلىق ۋە ئەپۇچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقىدىن ھەيران بولۇۋاتقانلىقىنى ئىپادە قىلىشۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەيران بولۇۋاتامسىلەر؟ سىلەرنىڭ قوپال مۇئامىلە قىلىشىڭلارغا يول قويالمايمەن. مەن قىينىلاشتۇرغۇچى ئەمەس، بەلكى ئاسانلاشتۇرغۇچى بولۇپ ئەۋەتىلدىم.»[1] دېدى.

بۇ ۋەقەلىكتىن ئايان بولغاندەك، پەيغەمبىرىمىز ئۇ ئادەمگە نېمىشقا مەسجىدكە سىيسەن! دەپ ئازار قىلمىدى. بەلكى ساھابىلەرنى ئۇنىڭغا ئازار بېرىشتىن توسۇپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا چىرايلىقچە چۈشەندۇردى.

رەسۇلۇللاھ كىشىلەرگە ناھايىتى تەمكىن مۇئامىلە قىلىپ ئۇلارنى ئۆزىگە جەلب قىلاتتى. يېنىغا كەلگەنلەرنى قاچۇرۇۋەتمەيتتى. ھەر قانداق كىشىگە كەڭ قورساقلىق ۋە كەچۈرۈمچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ۋارقىراپ ـ جارقىرمايتتى. ھېچكىمنى رەنجىتمەيتتى. قېشىغا كەلگەنلەرنى ھۆرمەتلەپ مېھمان قىلاتتى. بەزىدە ئۇستىدىكى كىيىمنى مېھمانغا كۆرپە قىلىپ سېلىپ بېرەتتى. ساھابىلىرىنى ئەڭ چىرايلىق ئىسىملىرى بىلەن چاقىراتتى. گەپ قىلىۋاتقان كىشىنىڭ گېپىنى بۆلمەيتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ ھەر قانداق كىشىگە مېھرى ـ شەپقەت، رەھىمدىل بولغانلىقى قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ. ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار ئەتراپىڭدىن تارقاپ كېتەتتى. ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن...»[2]

ئەگەر رەسۇلۇللاھ خۇشخۇي، گۈزەل ئەخلاقلىق، مۇلايىم ۋە كەڭ قورساق بولمىغان بولسا ئىدى، ئادەملەر ئۇنىڭ ئەتراپىدىن تارقاپ كەتكەن بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن دىنىي خىزمەت قىلغۇچىلار بولۇپمۇ دەۋەتچى ۋە ئىسلاھاتچىلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىپ، مۇلايىم، سەۋرلىك، سۆزى تاتلىق، مۇئامىلىسى يۇمشاق بولۇشى كېرەك. قوپال سۆزلەر، ئىنساننىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىدىغان قاتتىق مۇئامىلىلەر كىشىلەرنى قاچۇرىدۇ ۋە دۈشمەنلىككە سەۋەب بولىدۇ. بۇنداق قىلىش كىشىلەرنى قارشى چىقىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئىنساننىڭ تەبىئىتى قوپاللىق ۋە قاتتىقلىقنى ياقتۇرمايدۇ.

## 5 ـ خاتالىقنى يۇزىگە سالماسلىق

رەسۇلۇللاھ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەرنى ئاممىۋى سورۇنلاردا تەنقىدلەشنى خالىمايتتى. بىراۋنىڭ خاتالىقىنى كۆرسە، ئۇنىڭغا كايىماستىن، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ يۈزىنى چۈشۈرمەستىن مۇنبەرگە چىقىپ: «ئادەملەرگە نېمە بولدى، ئۇلار مۇنداق گەپلەرنى قىلىشىۋاتىدۇ، بەزىلەر نېمىشقا مۇنداق قىلىدۇ؟...»[3] دېگەندەك ئومۇمىي ئىپادىلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق خاتالىق سادىر قىلغۇچىنى ئاگاھلاندۇراتتى. گەپ ـ سۆز بۇ شەكىلدە ئېيتىلسا تەسىرى كۈچلۈك بولاتتى، ھەم قىلغان گېپى ھېچكىمنىڭ كۆڭلىگە تەگمەيتتى. خاتالىق سادىر قىلغۇچىلار قىلغان ئىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ تۈزىتىۋالاتتى.

بىر قېتىم بىر مەھەللىنىڭ جامائىتى رەسۇلۇللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئىمام نامازنى بەك ئۇزۇن ئوقۇيدۇ، دەپ شىكايەت قىلدى. بەزىلىرى «جامائەتنى تاشلاپ چىقىپ كەتكۇدەك بولدۇق» دېيىشتى. بۇ ئىشقا رەسۇلۇللاھنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئىمامنى ئالدىغا چاقىرىپ «نېمىشقا مۇنداق قىلىسەن» دېمەستىن، بەلكى پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا بىر خۇتبە ئوقۇدى. خۇتبىدە: «ئى

[1] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] سۈرە ئالى ئىمران: 159 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئەدەب بابى.

ئىنسانلار! سىلەرگە نېمە بولدى، كىشىلەرنى قاچۇرۇسىلەر؟ سىلەردىن كىم ئىمام بولسا نامازنى قىسقا ئوقۇسۇن. چۈنكى جامائەتنىڭ ئىچىدە ياشىنىپ قالغان، ئاجىز، ئۆزرىسى بار كىشىلەر بولىدۇ.» دېدى.[1]

رەسۇلۇللاھ باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىپ نىجات تېپىشىۋېلىشنى ئىنتايىن بەك خالايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق مەسىلىنى ناھايىتى ئاسان ۋە تەسىرلىك بىر شەكىلدە بايان قىلاتتى.

بىر كۈنى رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا يۈزىگە زەپەر سۈرتكەن بىر ساھابە كەلدى. ئۇ ئادەمگە ئالدىدا بىر نەرسە دېمەستىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ساھابىلەرگە: «بۇ ئادەمگە دەپ قويۇڭلار يۈزىدىكىنى يۇيۇۋەتسۇن» دېدى.[2]

## 6 ـ ئاسانلاشتۇرۇش ۋە بىشارەت بېرىش.

ئاسانلاشتۇرۇش رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋەت ئۇسۇلىدىكى ئاساسلىق پىرىنسىپلاردىن بىرى ئىدى. قۇرئان كەرىمنىڭ 23 يىلدا ئاز ـ ئازدىن نازىل بولۇشىمۇ قولايلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يارقىن نامايەندىلىرىدىن بىرىدۇر.

ئىنسان تەبىئەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندىمۇ ئاسانلىققا مايىل كېلىدۇ. قېيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش بەزىدە مەسىلىنى پۈتۈنلەي رەت قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە ئاسانلىق ۋە ئاسانلاشتۇرۇش ئىبارىلىرى تىلغا ئېلىنغان:

«ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ،»[3]

«ئاللاھ سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى سىلەرگە

[1] ئىمام بۇخرى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] ئىمام ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
[3] سۈرە بەقەرە: 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاسانلاشتۇرۇشنى) خالايدۇ. ئىنسان (نەپسى خاھىشىغا خىلاپلىق قىلىشتىن) ئاجىز يارىتىلدى.»[4]

«سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۈللۈكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى).»[5]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ: «ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار، خۇشخەۋەر بېرىڭلار، قاچۇرۇۋەتمەڭلار.» دېگەن.[6] ئۇ، ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى تاللاش كېرەك بولۇپ قالغاندا، گۇناھ بولمايدىغانلا بولسا ئاسان بولغىنىنى تاللايتتى.[7] بىزنىڭمۇ نەپلە ئەمەل ـ ئىبادەتلەردىن كۈچىمىز يېتىدىغاننى قىلىشىمىزنى تەۋسىيە قىلاتتى.[8]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆزىگە زۇلۇم قىلىشىنى مەنئى قىلغان. ئۇ ياشانغان بىر كىشىنىڭ ئىككى ئوغلىغا ئېسىلىپ ئاران مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەتراپتىكىلەردىن «بۇ نېمە ئەھۋال؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «بۇ كىشى مېڭىشنى نەزىر[9] قىلغان ئىكەن» دەپ جاۋاپ بەرگەندە، رەسۇلۇللاھ: «ئۇنىڭ ئۆزىنى قىيىنىشىغا ئاللاھنىڭ ھاجىتى يوق» دېگەن ۋە ئۇنى ئۇلىغىغا مىنىۋېلىشقا بۇيرۇغان.[10]

ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر كۈنى روزا تۇتاتتى، كېچە ئۇخلىماي ناماز ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسى بەرداشلىق بېرەلمەيلا قالغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: «سەندە نەپسىڭنىڭ ۋە ئائىلەڭنىڭ ھەققى بار. بەزىدە روزا تۇت، بەزىدە ئۇخلىغىن» دېگەن.[11]

[4] سۈرە نىسا: 28 ـ ئايەت.
[5] سۈرە ھەج: 78 ـ ئايەت.
[6] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
[7] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
[8] سەھىھ مۇسلىم 177 ـ ھەدىس.
[9] نەزىر: بىرەر ئىبادەتنى قىلىشنى ئۆزىگە پەرز قىلىش ۋە ئۆزىنى يا بالىسىنى ئاللاھ يولىدا خەيرلىك بىر ئىشقا ئاتاش.
[10] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
[11] ئىمام بۇخارى ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 7 ـ سوئال سوراش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش

ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى ناھايىتى دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ مۇھىم بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولسا ئالدى بىلەن ئۇ ھەققىتە سوئال سوراش ئارقىلىق ساھابىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرۈپ ئاندىن گەپ باشلايتتى. سوئال سورىغاندىمۇ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ۋە ئۇلارنى قىزىقتۇرىدىغان سوئاللارنى سورايتتى. بەزىدە بىر سوئالنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايتتى.

مەسىلەن: بىر كۈنى ئۇ ساھابىلاردىن بىرىگە: «ئى يەزىد ئىبنى ئەسەد! جەننەتكە كىرىشنى خالامسەن؟» دەپ سورىدى. ساھابە: «ئەلۋەتتە خالايمەن» دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا ئۆزۈڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىڭ ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرگىن» دېدى.[1]

رەسۇلۇللاھنىڭ خۇتبىلىرىدىن ۋىدا ھەجدىكىدىن باشقىلىرى بىزگە تولۇق يېتىپ كەلمىگەن. لېكىن بىزگە ئۈزۈندە شەكلىدە يېتىپ كەلگەن بەزى خۇتبىلىرى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ نۇتۇق سۆزلەش ۋە تەبلىغ قىلىشتا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇتۇقلىرى بۇتپەرەسلىكنى ۋە جاھىلىيەت ئېتىقادىنى تاشلاپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىدىغان ئىسلامغا دەۋەت قىلىش، ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ گۈزەللىكىنى بايان قىلىش، ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشىنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىش ۋە جىھادقا تەرغىب قىلىش قاتارلىق تېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

رەسۇلۇللاھنىڭ بارلىق خۇتبىلىرىنى تېپىپ چىقىشقا تىرىشقان ئىبنى قۇتەيبە، رەسۇلۇللاھنىڭ كۆپىنچە خۇتبىلەرنى «ئەلھەمدۇ لىللاھ» بىلەن باشلىغانلىقىنى، بەزى خۇتبىلەرنى «ئى ئاللاھنىڭ قۇللىرى! سىلەرگە تەۋسىيە قىلىمەن» جۈملىسى بىلەن ۋە بىر خۇتبىسىنى ھەمدۇ ـ سانادىن كېيىن «ئى ئىنسانلار!» سۆزى بىلەن باشلىغانلىقىنى، ھېيت خۇتبىلىرىنى تەكبىر بىلەن باشلىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.[2]

رەسۇلۇللاھنىڭ خۇتبە ۋە نەسىھەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر:

رەسۇلۇللاھ بىر ھەددىستە مۇنداق دېگەن: «پىتنىدىن قۇتۇلۇش ۋە گۇناھلاردىن ساقلىنىش ئاللاھنىڭ كىتابىغا مەھكەم ئېسىلىش ئارقىلىق بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدە سىلەردىن بۇرۇنقىلارنىڭ قىسسىلىرى، سىلەردىن كېيىنكىلەرنىڭ خەۋەرلىرى، سىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەر بار. ئۇ، توغرىنى خاتادىن ئايرىيدىغان كىتابتۇر. ئۇنىڭدا ھەرگىز بىمەنە سۆز يوق. ئۇ ئاللاھنىڭ مۇستەھكەم ئارغامچىسىدۇر. ئۇ ھېكمەتلىك ئاللاھنىڭ زىكرىدۇر. ئۇ توغرا يولدۇر. ئۇنى ھېچقانداق كۈچ توغرىلىقتىن بۇرۇۋېتەلمەيدۇ. ئالىملار ئۇنىڭغا تويمايدۇ. تەقۋادارلار ئۇنىڭدىن زېرىكىپ قالمايدۇ. ئۇ قانچە تەكرارلانسىمۇ كونىلىق ھېس قىلىنمايدۇ. ئۇ جىنلار ئاڭلىغاندا: «بىز ھەقىقەتەن توغرا يولغا باشلايدىغان ئاجايىپ قۇرئاننى ئاڭلىدۇق، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق» دېگەن كىتابتۇر. ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە سۆزلىگەن كىشى ھەق گەپ قىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان كىشى ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلغان كىشى ئادىل ھۆكۈم قىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭغا دەۋەت قىلغان كىشى ھەق يولغا چاقىرغان بولىدۇ.»[3]

رەسۇلۇللاھ بىر نۇتۇقىدا ھەممە ئادەم ئارزۇ

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] ئىبنى قۇتەيبە: «ئۇيۇنۇل ئەخبار» 2 ـ توم، 251 ـ بەت.

[3] ئىمام تىرمىزى ۋە دارىمى رىۋايىتى.

قىلىدىغان جەننەتكە ئېرىشىشنىڭ يوللىرى ھەققىدە ناھايىتى قىسقا، ئەمما تولىمۇ مەزمۇنلۇق قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ماڭا ئالتە ئىشقا ۋەدە بېرىڭلار، مەن سىلەرنىڭ جەننەتكە كىرىشىڭلارغا كاپالەتلىك قىلاي». ئۇلار:

1. راستچىل بولۇش.
2. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش.
3. ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق.
4. ئىپپەتلىك، ھايالىق بولۇش.
5. ھارامغا قاراشتىن ساقلىنىش.
6. باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈشتىن قول يىغىش.[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەن:

«شۈبھىسىزكى، بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ئاللاھقا خاستۇر. بىز پەقەت ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىمىز، ئۇنىڭدىنلا ياردەم تىلەيمىز. نەپسىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ۋە يامان ئەمەلدىن ئاللاھقا سىغىنىمىز. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر ئاللاھتىن باشقا مەبۇدى بەرھەق يوقتۇر. ئۇ يالغۇزدۇر، ھېچ شېرىكى يوقتۇر. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرالمايدۇ. ئاللاھ ھىدايەت قىلمىغان كىشىنى ھېچكىم ھىدايەت قىلالمايدۇ. ئەڭ توغرا سۆز ئاللاھنىڭ كالامىدۇر. ئاللاھ كىمنىڭ قەلبىنى قۇرئان بىلەن زىننەتلىسە، ئۇنى كۇپرىدىن كېيىن ئىسلامغا كىرگۈزسە، ئۇ كىشى قۇرئاننى ئىنسانلارنىڭ سۆزىدىن ئەلا بىلسە، ئەنە شۇ كىشى نىجات تاپقان بولىدۇ. ھەققەتەن قۇرئان سۆزلەرنىڭ ئەڭ توغرىسى ۋە ئەڭ بالاغەتلىك بولغىنىدۇر. ئاللاھ ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرۈڭلار. ئاللاھنى چىن قەلبىڭلاردىن سۆيۈڭلار. ئاللاھنىڭ كالامىنى ئوقۇشتىن ۋە ئاللاھنى زىكىر قىلىشتىن زېرىكمەڭلار... ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىڭلار. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار. ئاللاھتىن ئاللاھقا لايىق رەۋىشتە قورقۇڭلار. ئاللاھقا بەرگەن ۋەدەڭلەردە تۇرۇڭلار. ئاللاھ دىلىڭلارغا سالغان روھ بىلەن بىر ـ بىرىڭلارنى سۆيۈڭلار. شۇنى بىلىڭلاركى، ئاللاھ ۋەدىسىدە تۇرمايدىغانلارغا قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى سىلەرگە بولسۇن.»[2]

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، رەسۇلۇللاھ تەبلىغ ۋە ئىسلاھ ۋەزىپىسىنى ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى ئاستىدا ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ۋايىغا يەتكۈزگەن. باشقا ئىشلاردىكىگە ئوخشاشلا دەۋەت ئىشىدىمۇ قىيامەتكىچە كېلىدىغان بارلىق ئۈممەتكە ئۈلگە بولغان.

رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋەت ۋە تەبلىغىدىكى مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى ئۇنىڭ تەۋرەنمەس ئىمانى، غەيرىتى، سەمىمىيلىكى، ئىخلاسى، راستچىللىقى، كەچۈرۈمچانلىقى، سەۋرلىك بولۇشى، ئىشەنچلىك بولۇشى، پاساھەت ۋە بالاغەتتىكى يۈكسەك ماھىرلىقىدۇر.

جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن دەۋەت ۋە تەبلىغ قىلىشتا ئىشلىتىدىغان ئۇسۇل ۋە مېتود ناھايىتى مۇھىم. رەسۇلۇللاھ دەۋەت قىلىشتا گەپ ـ سۆزى، پوزىتسىيەسى ۋە مۇئامىلىسى ئارقىلىق تەسىرنى ئەڭ يۇقىرى چەككە كۆتۈرگەن.

بارلىق مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ دىنىي ئالىملار رەسۇلۇللاھنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۈلگە تۇتۇشى لازىم. ئۈلگىلىك مۇسۇلمان ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك دەۋەتچى بولۇش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھتىن باشقا ئۈلگە ئىزدەشكە ھاجەت يوق.

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

[2] ئىبنى ھىشام: «سىيرەتى ئىبنى ھىشام» 2 ـ توم، 500 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




ئىسلام دىنى روھىيەتكە قانداق قارايدۇ؟ روھىيەتنىڭ ھاياتلىقتىكى باشقا تۈرلەر بىلەن قانداق ئالاقىسى بار؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئىلگىرى روھىيەتنىڭ ئىسلامىي نەزەرىيە بىلەن باشقا دىن ۋە پەلسەپەلەرنىڭ نەزەرىيەلىرى ئارىسىدىكى پەرقنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. پەرقنى ئېنىق چۈشەنمەي تۇرۇپ، بۇ ماۋزۇغا كىرىپ كەتسەك ئىسلامنىڭ روھىيەت پرىنسىپى توغرىسىدا سۆزلەۋېتىپ، ئىختىيارسىزلا روھىيەتنىڭ ھازىرقى جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن شەكىللىرىگە چىقىپ كېتىشىمىز مۇمكىن. ئۇ چاغدا بىز سۆزلىمەكچى بولغان ئىسلامدىكى روھىيەت پرىنسىپىنىڭ زادى قايسى كاتېگورىيەگە تەۋە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش قىيىنغا توختايدۇ. نەتىجىدە روھنىڭ مەنىۋىيەتكىلا ئەمەس، بەلكى ماددا ۋە جىسىملارغىمۇ قوماندانلىق قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال ئالاھىدىلىكى ئايان بولماي قالىدۇ.

## روھ ۋە جىسىم كىرىزىسى

دىن ۋە پەلسەپە ساھەسىدە «روھ بىلەن جىسىم بىر ـ بىرى بىلەن ھەرگىز بىرلىشەلمەيدۇ، ئىككىسى ئايرىم ـ ئايرىم دۇنيا، ھەر ئىككىسىنىڭ ئوخشىمىغان تەلەپ ـ تەقەززالىرى بار» دېگەندەك كۆز قاراش ئومۇملىشىپ كەلگەن. مۇشۇ كۆز قاراشقا ئاساسەن بەزى كىشىلەر بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلىكتە يۈكسىلىشى مۇمكىن ئەمەس، روھ ئۈچۈن جىسىم ۋە ماددا بىر زىندانغا ئوخشاش، دۇنيا ھاياتىدىكى مۇناسىۋەتلەر ۋە ھوزۇر ـ ھالاۋەتلەردە روھنىڭ يۈكسىلىشى مۇمكىن بولمايدۇ، دۇنيا ئىشلىرى كەسىپ، تىجارەت ۋە تۇرمۇش روھنىڭ يۈكسىلىشىگە توسالغۇ بولىدىغان ئامىللار دەپ قاراپ كەلگەن. بۇ خىل كۆز قاراشلار ئاخىرى ماددا بىلەن روھنىڭ بىر ـ بىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كېتىشىگە ئېلىپ بارغان بولغاچقا، بۇ ئىككىسىنىڭ يول ۋە پرىنسىپلىرىمۇ ھەر خىل بولغان. ماددىزىم يولىنى تۇتقانلار دەسلەپكى قەدەمدىلا روھنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشقا كۆزى يەتمەي، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ماددىپەرەسلىككە چۆمۈپ كەتتى. ئۇنىڭ نەتىجىسىدە جەمئىيەتتىكى مەدەنىيەت، سىياسەت، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاتارلىق ھەر ساھە روھىيەت نۇرىدىن خالىي قالدى-دە، ئاخىرى زېمىننى زۇلمەت قاپلىدى.

روھىيەت يولنى تاللىغانلار بولسا، ئۆز روھلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئۈچۈن دۇنيانىڭ پۈتۈنلەي سىرتىغا چىقىپ كەتتى. دۇنيا ئىشلىرىدىن ئۆزلىرىنى قاچۇردى. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزەرىدە دۇنياۋىي ئىشلار روھنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇ بولاتتى. ئۇلار روھنى يۇقىرى پەللىگە چىقىرىش ئۈچۈن جىسمنى قۇربان قىلىش كېرەك دەپ قاراپ، جىسمنىڭ تەلەپ-خاھىشلىرىغا ئەھمىيەت بەرمىدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار نەپسنى ئۆلتۈرىدىغان، جىسمنى ھىسسىياتسىزلەشتۈرىدىغان قىيىن جىسمانى ھەرىكەتلەرنى ئىجاد قىلدى. روھنى تەربىيىلەش ئۈچۈن شەھەر تۇرمۇشىدىن يىراقلاشتى. دۇنيا ئىشلىرىدىن، تۇرمۇش غەۋغالىرىدىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، تاغلار، غار-ئۆڭكۈرلەر ۋە جاڭگاللارغا كىرىپ كەتتى. ئۇلارغا روھنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا بۇنىڭدىن باشقا يول كۆرۈنمىگەن ئىدى. نەتىجىدە ئۇلار ئۆزلىرىنى ماددىي دۇنيا بىلەن باغلاپ تۇرىدىغان ھەرقانداق مۇناسىۋەت، ئالاقە ۋە دۇنيا ئىشلىرىدىن ۋاز كېچىپ تەركىدۇنيا بولۇپ كەتتى. ئاندىن جىسىم ۋە روھ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ زىددىيەت ئىنسانلاردا تامامەن ئوخشىمىغان ئىككى خىل ئۇقۇم پەيدا قىلىپ قويدى. ماددىپەرەسلىك ئۇقۇمىدا ئىنسان پەقەت ماددىي نېئمەتلەردىنلا ھوزۇرلىنىدىغان بىر جانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ غايىسى بىر گۈزەل قۇش، بىر چىرايلىق بېلىق، بىر ياخشى ئات ۋە بىر يىرتقۇچ بۆرە بولۇشتىن ئىبارەت بولدى. روھىيەتچىلەر بولسا «ئىنسان ئۆزىنىڭ تەبىئىي قۇدرەت دائىرىسىدىن ھالقىغان بىر كۈچكە ئىگە بولۇشى كېرەك» دەپ قارىدى. بۇ خىل قاراشتىكىلەر ئىنسانىنىڭ ئۆز ئىقتىدارى ۋە فۇنكسىيىسىدىن ھالقىپ، يىراقتىكى ئاۋازلارنى ئاڭلىيالايدىغان سىمسىز رادىئو-ئاپپاراتى، يىراقنى كۆرەلەيدىغان تېلېسكوپ، يا بىر نەزەر، بىر كەلىمە بىلەن كېسەللەرنى ساقايتىۋېتەلەيدىغان خاسىيەتكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن كاللا قاتۇردى.

بۇ ھەقتە ئىسلامنىڭ قارىشى دۇنيادىكى باشقا بارلىق دىن ۋە پەلسەپەلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. ئىسلامىي نۇقتىئىنەزەر بويىچە ئاللاھ تائالا ئىنساننى زېمىندا ئۆزىنىڭ خەلىپىسى قىلىپ بەلگىلەپ، بەزى ھوقۇق، مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتلەرنى ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلىدى. ئۇ مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جىسىم ئاتا قىلدى. بېرىلگەن ھوقۇق، مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بۇ جىسىمغا روھ ئاتا قىلدى. شۇڭا جىسىم روھنىڭ تۇرمىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ماتورىدىن ئىبارەت. ئەگەر روھ يۈكسىلىدۇ دېيىلسە، ئۇنداقتا ئۇ پەقەت جىسمدىن ئىبارەت قۇرۇلمىلارغا ماتور بولۇپ، ئۇلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىقلا يۈكسىلىشمۇمكىن.

دېمەك، بۇ دۇنيا روھنىڭ جازا لاگېرى ئەمەس، بەلكى كەڭ-كۇشادە ھەرىكەت قىلىدىغان، تىرىشىدىغان ۋە كۈرەش قىلىدىغان بەيگە مەيدانى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا مۇشۇ مەيداندىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئامانىتىنى يۈكلىگەن ۋە بۇ مەيداندىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇنىڭ تەسەررۇپىغا تاپشۇرغان. ئاللاھ ئىنسانلارنى بۇ دۇنيادىكى تەسەررۇپ ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئىمتىياز ۋە مەسئۇلىيەت ئۈچۈن ياراتقان. ھاياتنىڭ تەلىپى ۋە تەقەززاسى بىلەن مەدەنىيەت، ئىجتىمائىيەت، ئىقتىساد ۋە سىياسەت قاتارلىق باشقا ساھەلەر تەدرىجىي ۋۇجۇتقا كەلگەن. ئۇنداقتا روھىيەتنى يۈكسەلدۈرۈشنى ئىستەيدىغانلار بۇ بەيگە مەيدانىدىن يۈز ئۆرۈپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇۋېلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى

www.uyghurkitap.com

دادىل ھالدا مەيدانغا چۈشۈپ، ئۆز فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىقلا كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلەيدۇ.

تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بۇ دۇنيا ئىنسان ئۈچۈن بىر ئېمتىھان مەيدانى، ھاياتتىكى ھەربىر باسقۇچ ۋە ساھە شۇ ئېمتىھان سوئاللىرىدىن بىر سوئال. ئۆي، مەھەللە، بازار، ئىدارە، كارخانا، زاۋۇت، مەكتەپ، سوت مەھكىمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىلىرى، ئارمىيە، پارلامېنت، قورۇلتاي ۋە جەڭ مەيدانى قاتارلىقلار... ئىنسانغا بېرىلگەن ھەر خىل پەنلەرنىڭ سوئاللىرىدىن ئىبارەت. بۇ سوئاللاردىن بىرەرگە ياكى كۆپىنچىسىگە جاۋاب بەرمەي، ئاق قالدۇرغان ئادەمنىڭ نەتىجىسى نۆل بولماي نېمە بولماقچى؟ پۈتۈن ۋاقتى ۋە دىققىتىنى ئېمتىھانغا مەركەزلەشتۈرگەندە ۋە كۈچىنىڭ يېتىشىچە سوئاللارغا تولۇق جاۋاب بېرىشكە تىرىشقاندىلا، مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئۇتۇققا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئىسلام راھىبلىقنى رەت قىلىدۇ. روھنى يۈكسەلدۈرۈشتە دۇنيادىن چەتنەپ، ئۆزىنى سىرتقا ئېلىۋېلىش يولىنى ئەمەس، بەلكى ھاياتلىق مەيدانىدىكى تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىش ئارقىلىق ئۆز ئىچىدىن تەرەققىي قىلىپ يۈكسىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

## روھىي يۈكسىلىشنىڭ ئۆلچەملىرى

ئۇنداقتا، ئىسلام روھىيەتنىڭ يۈكسىلىش ۋە تۆۋەنلىشىش ئۆلچەملىرىنى قانداق بەلگىلەيدۇ؟

كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇدات ئىنسان ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بېرىلگەن بولغاچقا، ئىنسان زېمىندا خەلىپە (ئورۇنباسار) بولغاچقا، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى بارلىق ئەمەللىرىدىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا جاۋابكار. ئىنساننىڭ دۇنيادىكى ۋەزىپىسى بېرىلگەن ھوقۇق ۋە ئىمتىيازلىرىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئىشلىتىشتۇر. باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەرخىل مۇناسىۋەتلەردە ئىلاھىي نازارەتنى ھەر دائىم ئەسلەپ تۇرۇشتۇر. ئىنسان ئۆزىنىڭ بۇ ۋەزىپىسنى قانچىكى ئىنتىزامچانلىق، مەسئۇلىيەتچانلىق، پەرمانبەردارلىق بىلەن بىجا كەلتۈرەلىسە، ئاللاھقا شۇ قەدەر يېقىنلىشالايدۇ. ئىسلامىي چۈشەنچە بويىچە بولغاندا ئاللاھقا يېقىنلىشىش روھنىڭ يۈكسىلىشى دەپ قارىلىدۇ. ناۋادا ئەكسىچە ئىنسان قانچىلىك ھورۇنلۇق، بىپەرۋالىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك ۋە ئىتائەتسىزلىك قىلغانسېرى ئاللاھتىن شۇنچىلىك يىراقلىشىدۇ. ئاللاھتىن يىراقلىشىش روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلەشكەنلىك دەپ قارىلىدۇ.

دېمەك، ئىسلامىي نۇقتىئىنەزەر بويىچە ئېيتقاندا، دىندار ئادەم بىلەن دىنسىز ئادەمنىڭ ئەمەل مەيدانى بىر بولسىمۇ، ئەمما ھەر ئىككىسىنىڭ ئەمەل قىلىشتىكى نىشانى بىر ئەمەس. دىندار ئادەم دىنسىز ئادەمدىنمۇ مەسئۇلىيەتچان بولىدۇ. دىندار ئادەم دىنسىز ئادەمدىن كۆپرەك ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇ ئائىلە ئىشلىرىدىن باشلاپ، بازار، مەملىكەت ئىچى ھەتتا خەلقئارالىق پائالىيەتلەرگىچە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. ناۋادا دىندار ۋە دىنسىز ئادەم ئوخشاش بىر پائالىيەتنى قىلغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھقا بولغان تونۇش نۇقتىسىدىن ئۇلارنىڭ قىممىتى ۋە شۇ ئىشنى قىلغاندىكى ئىخلاسى ئوخشاش بولمايدۇ. دىندار ئادەم پەرۋەردىگارى ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىش قىلىدۇ. ھەربىر ئەمەلىدىن پەقەتلا ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى كۆزلەيدۇ. ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن قانۇن بويىچە ئىش قىلىدۇ. دىنسىز ئادەم ھەرقانداق ئىش قىلسا، ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشى بويىچە قىلىدۇ. ئۆزىنى ئاللاھتىن بىھاجەت دەپ قارايدۇ. دەل مۇشۇ پەرق دىندار ئادەمنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى مۇكەممەل روھىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدۇ. دىنسىزنىڭ ھاياتىنى بولسا روھىي جۇلالاردىن مەھرۇم قىلىپ، ماددا ھەلەكچىلىكىدىلا تېپىرلاپ ياشايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

## روھىي يۈكسەكلىكنىڭ تۆت باسقۇچى:

1. ئىمان. ئىنساننىڭ قەلبىدە «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇنىڭدىن باشقا ھاكىم يوق، ئاللاھ ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق زات» دېگەن ئەقىدە مۇستەھكەم ئورۇنلاشقاندا، ئۇنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرى ئاللاھنى رازى قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ. ئۇ ئاللاھنىڭ قانۇنىلا بىردىنبىر بويسۇنۇشقا تېگىشلىك قانۇن دېگەن تونۇشقا كېلىدۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ بارلىق ئوي-پىكىرلىرى ئىسلامغا ئۇيغۇنلىشىدۇ ۋە روھىيىتى يۈكسىلىشكە باشلايدۇ.

2. ئىسلام. ئىسلام قۇرئان كەرىمدە «بويسۇنۇش يەنى ئاللاھقا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىتائەت قىلىش» دېگەن مەنىدە كەلگەن.

3. تەقۋادارلىق. بۇ، ئىنسان ھاياتىدىكى ھەربىر باسقۇچتا ئۆزىنىڭ ئوي-پىكىر، سۆز ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ئاللاھقا ھېساب بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئىش قىلىش. ئاللاھ توسقان ھەر قانداق ئىشتىن يېنىش، ئاللاھ بۇيرۇغان ھەربىر ئىشنى جان-دىل بىلەن قىلىش. ھوشيارلىق بىلەن ھالال-ھارام، توغرا-خاتا ۋە ياخشىلىق-يامانلىقنىڭ پەرقىنى ئايرىپ مېڭىش دېگەنلىكتۇر.

4. ئېھسان. بۇ، بارلىق ئىش-ھەرىكەت ۋە ھېس-تۇيغۇلارنى ئاللاھنىڭ خاھىشىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش بولۇپ، ئاللاھ نېمىنى ياخشى كۆرسە بەندىمۇ شۇنى چىن-قەلبىدىن ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ نېمىنى يامان كۆرسە، بەندىمۇ شۇنى قەتئىي يامان كۆرۈشتۇر. شۇنداقلا ئاللاھ ياقتۇرمايدىغان ئىشلاردىن پەقەت ئۆزىنى ساقلاپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى يوقىتىشقا بار كۈچى بىلەن تىرىشىشتۇر. ئاللاھ خالايدىغان پەزىلەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇ پەزىلەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇشقا كۈچەشتۇر. ئىنسان مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەندە پەرۋەردىگارىغا ھەقىقىي يېقىنلىشالايدۇ. شۇڭا ئېھسان مەرتىۋىسىنى روھىي يۈكسىلىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان روھىي يۈكسىلىش يوللىرى پەقەت شەخسلەر ئۈچۈنلا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى ئائىلە ۋە كوللېكتىپقىمۇ ئورتاق. بىرەر قەۋم ياكى ئىجتىمائىي توپ گويا بىر ئادەمگە ئوخشاش ئىمان، ئىتائەت ۋە تەقۋادارلىقنىڭ يۈكسەك ماقاملىرىغا ئۇلىشالىسا، ئېنىقكى ئېھساننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتەلەيدۇ. بۇنداق خەلق ۋە كوللېكتىپتىن تەشكىل تاپقان دۆلەت ياكى زونىلار پۈتۈن ئۈستقۇرۇلما نۇقتىسىدىن مۇسۇلمان، تەقۋادار ۋە مۇھسىن دۆلەت، يەنى پەزىلەتلىك مەملىكەت ياكى جەمئىيەت بولالايدۇ. شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، پۈتۈن خەلق مەزكۇر روھىي يۈكسىلىش يوللىرى بويىچە مېڭىپ، تەقۋالىق ۋە ئېھسان خىسلەتلىرىگە ئىگە بىر دۆلەت شەكىللەندۈرگەندىلا، ئاندىن ئىسلامنىڭ بۈيۈك غايىسى ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ.

روھىي يۈكسىلىشنىڭ مەزكۇر قەدەم باسقۇچلىرىنى ياخشى ئانالىز قىلىپ باقىدىغان بولساق، ئىسلامنىڭ شەخس ۋە جەمئىيەتنى شۇ سەۋىيەگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تۈزگەن بىر يۈرۈش لايىھەلىرىنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ روشەن بىلىۋالالايمىز. ئۇ لايىھەلەر تۆۋەندىكىچە:

1) ناماز

ھەر كۈنى بەش ۋاخ ناماز ئوقۇغان ئادەمنىڭ زېھنىدە ئاللاھنىڭ ئىسمى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ تۇرىدۇ. ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. ئاللاھقىلا تائەت-ئىبادەت قىلىدۇ. دېمەك، مەزكۇر روھىي يۈكسەكلىكنى پۈتۈن جەمئىيەتكە يەر ئالدۇرۇش ئۈچۈن ناماز ئىبادىتىدە جامائەتچىلىككە ئەھمىيەت بېرىش ئىنتايىن كۈچلۈك تەكىتلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2) روزا

ھەر يىلى مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ئاي يېمەك ـ ئىچمەكتىن ۋە باشقا ئىشلاردىن چەكلىنىپ، پەقەت ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇشى شەخسلەر ۋە جامائەت ئۈچۈن تەقۋالىق كۇرسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ بىر ئاي جەريانىدا ھەر تەبىقە كىشىلىرى ئاچلىقنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ. شۇنداقلا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ، ئاچلىقنىڭ ئازابىغا سەۋر قىلىدۇ.

3) زاكات

زاكات مۇسۇلمانلار ئارا كۆيۈمچانلىق، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش مەقسىتىدە يولغا قويۇلغان. ھازىر نۇرغۇن ئادەملەر زاكاتنى «باج ـ سېلىق» دەپ چۈشىنىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە زاكات بىلەن ھازىرقى دۆلەتلەردە يولغا قويۇلۇۋاتقان باج ـ سېلىق ئارىسىدا ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار. زاكاتنىڭ ئەسلى مەنىسى يۈكسەلدۈرۈش ۋە پاكلاش دېمەكتۇر. ئىسلام زاكات كەلىمىسىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق كىشىلەرگە «ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى كۆزلەپ قېرىنداشلىرىڭغا ۋە باشقىلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلساڭ، روھىي جەھەتتىن ھەم ئەخلاقىي جەھەتتىن يۈكسىلىسەن، پاك بولىسەن» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

4) ھەج

ھەج دۇنيانىڭ جاي ـ جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار ئارا ئالەمشۇمۇل قېرىنداشلىق رىشتىسى شەكىللەندۈرىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى، ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي ساھەلەردىكى چۈشەنچىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىق ئورنىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئالتۇن تېپىۋالغان ئادەم

بىر ئادەم بىر باغ سېتىۋاپتۇ، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئىشلەۋېتىپ لىق بىر كومزەك ئالتۇن تېپىۋاپتۇ. ئۇ كومزەكنى كۆتۈرگىنىچە بۇ باغنى سېتىپ بەرگەن ئادەمنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭغا:

ـ ئى دوستۇم! سەندىن سېتىۋالغان باغدىن بۇ كومزەكنى تېپىۋالدىم، سەن بۇ ئالتۇنلارنى ئال، چۈنكى مەن سەندىن بۇ باغنىلا سېتىۋالغان، دەپتۇ.

باغنى ساتقان ئادەم:

ـ مەن ساڭا باغنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى بىرلىكتە ساتتىم، بۇ ئالتۇنلار سېنىڭ، بۇنى سەن ئېلىپ كەت! دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككەيلەن ئالتۇنلارنى سەن ئال! سەن ئال! دېيىشكىنىچە خېلى ئۇزاق تالاش ـ تارتىش قىلىشىپتۇ ۋە بىر بىرىنى قايىل قىلالمىغاندىن كېيىن ئادىل بىر ھاكىمنىڭ ئالدىغا بېرىشىپتۇ.

ھاكىم ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

ـ سىلەرنىڭ باللىرىڭلار بارمۇ؟ دەپ سوراپتۇ.

باغنى سېتىۋالغان ئادەم:

ـ مېنىڭ بىر ئوغلۇم بار، دەپتۇ. ساتقان كىشى:

ـ مېنىڭ بىر قىزىم بار، دەپتۇ . بۇنىڭ بىلەن ھاكىم:

ـ باللىرىڭلارنى بىر ـ بىرىگە نىكاھلاپ قويۇڭلار، ئالتۇنلارنى ئۇ ئىككىسىگە خەجلەپ بېرىڭلار، ئۆزۈڭلارمۇ سەرپ قىلىڭلار، ئاشقىنىنى پېقىرلارغا تارقىتىپ بېرىڭلار! دەپتۇ.

ھېكايىدىكى نەسىھەتلەر

قانائەت تۈگىمەس خەزىنىدۇر.

ھېكايىدىكى ھەر ئىككى كىشى قانائەت ۋە گۈزەل ئەخلاق ئىگىلىرىدۇر.

ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقى سودا ـ سېتىقتا، قوشنىدارچىلىقتا، سەپەردە بىلىنىدۇ.




ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ!

سوئال: تور سودىسى شەكىللىنىپ ھازىرغا قەدەر ئاز بولمىغان تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى ۋە ئەنئەنىۋى سودىغا خىلى زور خىرىسلارنى ئېلىپ كەلدى. مەن تۆۋەندە تاۋباۋ تورىدىكى سودا شەكلىنى مىسال كەلتۈرۈپ بىر قانچە سوئال سورىماقچى، ئۇستازنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ سوئاللىرىمغا پەتىۋا بېرىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن.

ئالدى بىلەن تاۋباۋ تورىدىكى سودا جەريانىنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتەي.

(1) ئالدى بىلەن تاۋباۋ تورىغا چىقىپ ئۆزىمىزگە لازىملىق مەھسۇلاتنى ئىزدەيمىز.

(2) ئاندىن ياقتۇرغان مەھسۇلاتنى تاللاپ مەھسۇلات چۈشەندۈرۈش بېتىگە كىرىمىز.

(3) بەتتىكى مەھسۇلات باھاسى، چۈشەندۈرۈلۈشى، مەھسۇلات رەسىمى، ئايلىق سېتىلىش مىقدارى، خېرىدارنىڭ بەرگەن باھاسى قاتارلىقلارغا قاراپ سېتىۋالىمىز. ھازىر تاۋباۋ تورىدىكى تىجارەتتە 刷单 (shua dan) دەپ بىر ئاتالغۇ بار بولۇپ، بۇ يالغاندىن سودا شەكىللەندۈرۈش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. يېمىشقا يالغاندىن سودا شەكىللەندۈرىدۇ دېگەندە، يۇقىرىدا ئېيتقاندەك خېرىدارلار مەھسۇلات بېتىگە كىرگەندىن كېيىن بەكرەك مۇھىم بىلىدىغان ئىككى سانلىق مەلۇمات بار. بىرى ئايلىق سېتىلىش مىقدارى، ئىككىنچىسى بولسا خېرىدارلارنىڭ بەرگەن باھاسى. قانچە كۆپ ئادەم سېتىۋېلىپ، قانچە كۆپ ياخشى باھالارغا ئېرىشسە خېرىدارغا نىسبەتەن شۇنچە ئىشەنچلىك تۇيغۇ بېرىدۇ-دە، مەھسۇلاتى شۇنچە كۆپ سېتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تاۋباۋدىن دۇكان ئاچقانلار يالغاندىن سودا شەكىللەندۈرۈپ، سېتىلىش مىقدارى ۋە خېرىدار باھاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ خىرىدارلارنىڭ كۆزىنى بويايدۇ. ئۇنداقتا بىز مۇشۇنداق سودا شەكلىنى قوللىنىپ تىجارەت قىلساق بولامدۇ؟ ئەگەر بىز بۇنداق شەكىلدە سودا قىلىشىمىز دۇرۇس بولماي قالسا، تور سودىسىدا قايسى ئىشلارغا دىققەت قىلغان ئاساستا تىجارىتىمىزنى قىلساق بولىدۇ؟

ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ!

جاۋاب:

بارلىق ھەمدۇ-سانا جانابى ئاللاھقا بولسۇن، شۇنداقلا پەيغەمبىرىمىزگە، ئۇنىڭ ئائىلە-

تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ يولىغا تاكى قىيامەتكىچە ئەگەشكەنلەرگە دۇرۇت ـ سالاملار بولسۇن!

## تېمىغا كىرىش:

دەۋرىمىز تور تەرەققىياتىنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا، تور تەرەققىياتىدىكى ئىلگىرىلەشنىڭ غايەت زور بولۇۋاتقانلىقىنى، كۈندىن ـ كۈنگە يۈكسىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. جۈملىدىن تور تەرەققىياتىنىڭ تىجارەت ۋە سودا ساھەسىدىكى ئىلگىرىلەشلىرى، كېڭىيىشى قىتئەلەر ئارا مۇساپىنى قىسقارتىپ، دۆلەتلەر ئارا چېگرا ئاتلاپ، دۇنيانى كىچىك بىر سودا شەھەرچىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

ئۇچۇر ـ مەلۇمات ۋە كومپيۇتېر ساھەسىدىكى بۇ زور ۋە تېز تەرەققىيات نەتىجىسىدە «تور سودىسى» دېگەن بىر ئاتالغۇ پەيدا بولۇپ، ئىنتايىن تىز سۈرئەتتە كۆلەملىشىشكە باشلىدى.

«تور سودىسى» تىجارەتچىلەرگە تاۋارلىرىنى يېيىپ بازارغا سېلىش، كۆپ ساندا خىزمەتچى ئىشلىتىش ۋە دۇكان ئېچىش ئاۋارىچىلىقلىرىدىن قۇتۇلۇشنى باشقا، ۋاقىت، پۇل تېجەش، كۆپ خېرىدارغا مال سېتىش ۋە پايدىنى كۆپ ئېلىش قاتارلىق ئالاھىدىلىك ۋە قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلسە، خېرىدارلارغا نىسبەتەنمۇ ھەپتىنىڭ ھەر كۈنى 24 سائەت سودا قىلىش، ئادەتتىكى قەغەز پۇل كۆتۈرۈپ يۈرمەسلىك، سەپەر قىلماسلىق، بازار ئايلىنىپ جاپا تارتماسلىق، ئۆچرەتتە تۇرماسلىق، سىياسى چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىق ۋە تاۋارنى كۆتۈرۈپ يۈرمەسلىكتەك نۇرغۇن قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. «تور سودىسى»نىڭ تېخىمۇ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، تور سودىسى ئادەتتىكى سودا شەكلىدىكى نۇرغۇن چىقىملارنى ئازايتىدىغان بولغاچقا، توردىكى تاۋار باھاسى ئەنئەنىۋي دۇكانلاردىكىگە قارىغاندا خېلىلا ئەرزان بولىدۇ. بۇ خېرىدار ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. بۇ ئالاھىدىلىكلەر نەتىجىسىدە «تور سودىسى» دۇنيا سودا ـ تىجارەت شەكلىنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە باشلىدى. «تور سودىسى» ئارقىلىق ئېلىم ـ سېتىم كۆپىيىپ مۇسۇلمان ئەللىرىدىمۇ نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلار بۇ سودىنى قىلىشقا باشلىدى. چوڭ ۋە تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ئاساسەن ئەنئەنىۋي سودا ئۇسۇلىنى تاشلاپ «تور سودىسى»غا يۈزلىنىپ كەتتى. ئېھتىمال ئالدىمىزدىكى يىللاردا بۇ سودا ئۇسۇلى تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشى ۋە ئومۇملىشىشى مۇمكىن.

يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلى ھەربىر مۇسۇلمان بۇ سودىنىڭ شەرئىي ھۆكمىنى بىلىشى، ساقلىنىشقا تېگىشلىك ياكى ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك تەرەپلىرىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈۋېلىشى تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى.

## تور سودىسىغا ئېنىقلىما:

«دۇنيا سودا تەشكىلاتى» تور سودىسىغا تۆۋەندىكىچە ئېنىقلىما بېرىدۇ: «تور سودىسى ئېلېكترونلۇق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق تاۋار ئىشلەپچىقىرىش، تارقىتىش، بازارغا سېلىش، سېتىش ۋە خېرىدارغا تاپشۇرۇش» قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

مەزكۇر ئېنىقلىمىغا ئاساسەن تور سودىسى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. تاۋارنى ئېلان قىلىش ۋە ئۇنى ئىزدەش.

2. سېتىۋېلىش ئىلتىماسى سۇنۇش ۋە پۇل تۆلەش.

3. سېتىۋېلىنغان تاۋارلارنى تاپشۇرۇش.[1]

قانداقلا بولمىسۇن، «تور سودىسى»نىڭ ئۇقۇمى تاۋار ۋە مەھسۇلاتلارنى بازارغا سېلىش ھەمدە ئىككى تەرەپ بىر سورۇنغا جەم بولمايلا تور ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئېلىم ـ بېرىم قىلىشقا مەركەزلىشىدۇ. بۇ سودىدا سېتىۋېلىنغان تاۋارنىڭ پۇلى ئىناۋەتلىك كارتلار ئارقىلىق توردىلا تۆلىنىدۇ. تاۋار بولسا بەزىدە (بەزى يۇمتال، ئەپلەردەك) توردىلا چۈشۈرۈپ تاپشۇرۇپ ئېلىنىشى ياكى پوچتا ئارقىلىق ياكى مەخسۇس خادىم ئارقىلىق ئادرېسقا يەتكۈزۈپ تاپشۇرۇلۇشىمۇ مۇمكىن.[2]

## تور سودىسىنىڭ خېيىم ـ خەتىرى

---

[1] إبراهيم العيسوي . التجارة الألكترونية. ص 19. المكتبة الأكاديمية القاهرة.

[2] عبدالرحمن بن عبد الله: الأحكام الفقهية للتعاملات الالكترونية ص 116. دار الوراق–بيروت.



www.uyghurkitap.com

تور سودىسىنىڭ يۇقىرىدا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئەۋزەللىكلىرىدىن باشقا، تۆۋەندىكىدەك خېيىم-خەتەرلىرىمۇ بار:

1. تور سودىسىدا ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىك ۋە ھىلە ئىشلىتىش كەڭ تارقالغان.

2. ئىناۋەت كارتىسى ۋە تور سودا كارتىسى ئوغرىلىنىشى مۇمكىن.

3. توردا قىلغان سودا-سېتىق توختاملىرىنى ھۆججەتلەپ گۇۋاھلىتىپ قويۇش ئىمكانىيىتى يوق.

4. شەرىئەت چەكلىگەن تاۋارلارنى توسۇش ئىمكانىيىتى يوق.

5. تور سودىسى قىلىۋاتقان تور بەت ۋە سۇپىلارغا قارىتا نازارەت ئاجىز.[1]

## تور سودىسىنىڭ ھۆكمى

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، شەرىئەت قائىدىلىرىگە ئاساسەن سودىدا ئىككى تەرەپ رازىلىقى بىلەن پۈتۈشكەن بولسا، شەرىئەتكە زىت باشقا ئەھۋال بولمىسا سودا دۇرۇس بولىدۇ.

ئىلگىرىكى ئالىملار سودىنىڭ ئىككى تەرىپى بىر يەرگە جەم بولالمايدىغان ئەھۋاللاردا سودىنى ھەتتا نىكاھ ۋە تالاقتا ئوخشاش نازۇك ئىشلارنى مەكتۇپ ياكى ئەلچى ئارقىلىق پۈتتۈرۈشنى جايىز دەپ قارىغان ۋە سورۇندىن يىراقتىكى كىشىنىڭ مەكتۇپىنى سۆزگە ئوخشاش ئورۇندا قويغان.[2]

ئۆلىمالىرىمىز تېخى يەنە توختامنىڭ سۆز بىلەن، يېزىش بىلەن، مەكتۇپ ياكى ئەلچى ئەۋەتىش بىلەن، ئىشارەت بىلەن، ھەتتا گەپ-سۆزسىز ئېلىم-بېرىم قىلىش قاتارلىق ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقىنى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بىلەن ۋۇجۇتقا چىقىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.[3]

بۇنىڭغا ئاساسەن بەزى ئالىملار كومپيۇتېر ياكى ئەقلىيفۇن ئارقىلىق رازىلىقنى ئىپادىلەپ

---

[1] فيصل محمد النعيم– التجارة الألكترونية مبادؤها ومقوماتها ص 42 الدار العربية للعلوم–بيروت

[2] "ھىدايە" 21/3 "بەدائىئۇسسانائىئ" 231/2، 138/5 "ئەلمۇغنى 373/7.

[3] «كۇۋەيت فىقھى ئېنسىكلوپېدىيىسى» 201/30.

كونۇپكىنى بېسىشنى بىر خىل خەت ياكى مەكتۇپ دېيىشكە بولىدۇ، لېكىن بۇ باشقىچە بىر خىل ئېلېكترونلۇق خەت بولۇپ، كومپيۇتېر ياكى ئەقلىيفون تىلىدىن ئۆزگەندىن كېيىن ئىنسان تەرىپىدىن ئوقۇغىلى بولىدىغان خەت. بۇ، خۇددى ئۆزى سورۇنغا كېلىپ سودىلىشىشنى قوبۇل قىلغاندەكلا خەت ئەۋەتكۈچىنىڭ رازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇنداق بولغانىكەن شۇ خەت ئارقىلىق سودا ۋە توختام پۈتىدۇ، دەپ قارايدۇ.[4]

دوكتور ۋەھبە زۇھەيلى ھازىرقى ئۈچۈر-ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ تەرەققىياتى تۈپەيلى سودا-مۇئامىلىلەرنىڭ مۇرەككەپلىشىپ كېتىشى سەۋەبلىك مۇئامىلە مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن ئا تەرەپنىڭ سودىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ب تەرەپ بىلىشى شەرت دەپ قارايدۇ.[5]

دېمەك، تور سودىسىنى خەت ئارقىلىق باشلىنىپ، ئىنتېرنېتتىن ياكى پوچتىدىن ئەۋەتىش ئارقىلىق پۈتىدىغان سودا دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل سودىدا ئەنئەنىۋي سودىدا شەرت قىلىنغان ئۆلچەملەر تېپىلسا توغرا سودا بولغان بولىدۇ.

بۇنىڭدىكى ئاساس شۇكى، ئىسلام شەرىئىتى ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا ماس كېلىدىغان ئىلاھىي دەستۇردۇر. شەرىئەت مۇئامىلىدە شەرت قىلغان ئۆلچەمگە رىئايە قىلىنسىلا، قولايلىق ئېلىپ كېلىدىغان ھەرقانداق يېڭى ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا بولىدۇ.

شەرىئەت مۇئامىلىدە شەرت قىلغان ئۆلچەملەر تۆۋەندىكىچە:

1. باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋالماسلىق، زۇلۇم قىلماسلىق.

2. ئالدىماسلىق، ساختىلىق قىلماسلىق، يالغان خېرىدار بولماسلىق.

3. جازانىنىڭ تۈرلىرىدىن ساقلىنىش.

4. تاۋار ۋە خىزمەت ئوبيېكتى، سۈپىتى مەلۇم بولۇش. تالاش-تارتىشقا ئېلىپ بارىدىغان مۈجمەللىكتىن خالىي بولۇش.

5. ھارام تاۋار ۋە مەھسۇلاتلار بولماسلىق.

---

[4] حكم التجارة الألكترونية في الشريعة الإسلامية الدكتور جمال عبود محمد ص 20-23.

[5] الدوكتور وهبة الزحيلي حكم إجراء العقود بوسائل الاتصال الحديثة ص 30.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى uyghurkitap.com

6. تېنىۋېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھۆججەتلىشىش ئىمكانىيىتى بولۇش.

7. تاۋاردا ئەيىب تېپىلسا قايتۇرۇۋېتىش ھوقۇقى بولۇش.

## توردا ئالتۇن ـ كۆمۈش سودىسى دۇرۇس بولمايدۇ

توردا ئالتۇن ـ كۆمۈش سودىسى شەرئىي جەھەتتىن چەكلىنىدۇ. سەۋەبى، ئالتۇن ـ كۆمۈش ۋە قەغەز پۇللارنى بىر ـ بىرى بىلەن ئالماشتۇرۇشتا نەقمۇ ـ نەق، قولمۇ ـ قول بولۇشى شەرت.

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىلەن زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: بىز رەسۇلۇللاھنىڭ زامانىدا تىجارەت قىلاتتۇق. بىز رەسۇلۇللاھتىن سەرراپلىق ھەققىدە سورىساق، رەسۇلۇللاھ: «نەق بولسا كېرەك يوق، نېسى بولسا دۇرۇس بولمايدۇ» دېگەن.[1]

ھازىر توردا بولۇۋاتقان ئالتۇن ـ كۆمۈش سودىسى ياكى ئاتالمىش «قەغەز ئالتۇن» سودىسىدا ئەمەلىيەتتە ئالتۇن ياكى كۆمۈش بولمايدۇ. بۇ سودىنىڭ ماھىيىتىنى كۆزدە تۇتساق بۇ ئەسلى قولدا يوق نەرسىنى سېتىش، قەرزنى قەرزگە سېتىشتىن ئىبارەت. چۈنكى ساتقۇچىنىڭ قولىدا ئالتۇن ياكى كۆمۈش يوق. ھېسابىدا قەرز ياكى ئامانەت پۇل بار.

دېمەك، بۇ سودا پەقەتلا قەرز پۇلنى قەرز پۇلغا ئالماشتۇرۇپ، كۆڭلىمىزدە ئۆزىمىزنى كۆمۈش ئېلىپ ـ سېتىۋاتىمەن دەپ قانائەتلەندۈرۈپ، مەۋھۇم دۇنيادا ئۆزىمىزنى گوللاشتىن ئىبارەت.[2]

## ئاكسىيە بازىرىدا شىركەت پاي چېكى ئېلىپ ـ سېتىش

پاي چېكى تىجارىتى مۇباھ تىجارەت. لېكىن ئالىملار بۇ خىل تىجارەتنىڭ ھالال بولۇشى ئۈچۈن شەرئەتكە خىلاپ بارلىق ئىشلاردىن خالىي بولۇشنى ئاساسى شەرت قىلدۇ.

1 ـ پاي تەۋە بولغان شىركەت ئەمەلىيەتتە بار، مەۋجۇت شىركەت بولۇپ، ھالال كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولۇشى، قۇرۇق قەغەز يۈزىدىلا قۇرۇلغان مەۋھۇم ياكى قۇرۇلۇۋاتقان شىركەت بولماسلىقى كېرەك.

2 ـ پاي چېكى ئېلىپ ـ سېتىلماقچى بولغان شىركەت جازانە ـ ئۆسۈم بىلەن ۋە ياكى ھاراق... قاتارلىق ھارام مەھسۇلاتلار بىلەن شۇغۇللانمايدىغان، قىمار دېگەندەك شەرئەتتە چەكلەنگەن ھارام تىجارەت ئۇسۇللىرىدىن خالىي شىركەتلەر بولۇشى شەرت. ئەسلى پائالىيىتى ھالال، لېكىن ئۆسۈملۈك قەرز ياكى باشقا ھارام ئىشلار ئارىلاشقان شىركەتلەرنىڭ پېيىنى ئېلىپ ـ سېتىش كۆپچىلىك ئالىملار نەزىرىدە چەكلىنىدۇ. بۇ تۈرلۈك پايلارنى ئېلىپ ـ ساتماسلىق تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىن.

يۇقىرىقىدەك ئىسلام چەكلىگەن ئىشلاردىن خالىي بولغان ئەھۋالدا پاي چېكى سودىسى قىلسا دۇرۇس بولىدۇ. بىراق، شۈبھە ئارىلاشقان بولسا بۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىشى لازىم.[3]

## ئىناۋەت كارتىسى ئىشلىتىشنىڭ ھۆكمى

ئىناۋەت كارتىسىدا ياكى تور كەسپى ئېچىۋېتىلگەن بانكا كارتىسىدا پۇل بولسا بۇنىڭ بىلەن توردىن ياكى بازاردىن مال سېتىۋالسا بولىدۇ. ئەگەر كارتىدا پۇل بولمىسا، مال سېتىۋالغان پۇلنى بانكىغا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تۆلىۋەتسە بەنىلا جايىز. تۆلىۋەتمىسە ئۆسۈم چىقىدىغان بولۇپ جازانىگە چۈشۈپ قالىدۇ. شۇڭا ۋاقتىدا تۆلىۋېتىش زۆرۈر.

ئىناۋەتلىك كارتا بىلەن سودا قىلغاندا كارتىدا خەلق پۇلى بولۇپ دوللار بىلەن تاۋار سېتىۋالغان ئەھۋالدا، بانكا خەلق پۇلىنى دوللارغا ئالماشتۇرىدۇ. دوللار باھاسى بازار باھاسىدىن ئازغىنە تۆۋەن ياكى يۇقىرى بولغان تەقدىردە ئىككى تەرەپ رازى بولسا بۇ دۇرۇس ئىش. چۈنكى ئىككى تەرەپنىڭ خالىغان باھادا پۇل تېگىشىش ئىختىيارى بولىدۇ.[4]

[1] "سەھىھۇل بۇخارى" 2060 ـ 2061 ـ ھەدىسلەر.

[2] تېخىمۇ تەپسىلات ئۈچۈن ساجىيە توردىكى پەتىۋاغا قاراڭ.

[3] تېخىمۇ تەپسىلات ئۈچۈن ساجىيە توردىكى پەتىۋاغا قاراڭ.

[4] تېخىمۇ تەپسىلات ئۈچۈن ساجىيە توردىكى پەتىۋاغا قاراڭ.

## تاۋباۋ تورىدىكى سودا

تاۋباۋ (**taobao**) تورى ئەلى بابا (**Alibaba**) شىركىتى تەرىپىدىن 2003-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ خەلقئارادىكى ئېباي (**EBay**) ۋە ئامازون (**Amazon**) تورلىرىغا ئوخشايدۇ. تاۋباۋدا كىچىك تىجارەتچىلەر ۋە شىركەتلەرنىڭمۇ دۇكان ئېچىشى يولغا قويۇلغان بولۇپ، كۆپ تاۋار سېتىۋالغان خېرىدارلار بەزى ئالاھىدە ئېتىبارلاردىن بەھرىمەن بولالايدۇ.

تاۋباۋ تورىدىكى سودىمۇ ئومۇم جەھەتتىن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تور سودىسىنىڭ ھۆكمىدە. يەنى ئۇنىڭدا شەرىئەت بەلگىلىگەن شەرت ۋە ئۆلچەمگە رىئايە قىلغان ئەھۋالدا ئېلىپ-سېتىش جايىز. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىشەنچ ئاشۇرۇش ئۈچۈن ساختا خېرىدار پەيدا قىلىشى بىر خىل ساختىلىققا ياتىدۇ. بۇنىڭدا يۇقىرىقى ئۆلچەملەرگە رىئايە قىلىش بىلەن بىرگە يەنە تاۋار يەتكۈزۈش ھەققىنى قايسى تەرەپ ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنىمۇ ئېنىقلىۋېلىش لازىم.

دېمەك، تور ئارقىلىق بولىدىغان ئىلىم-بېرىم ئىشلىرى يۇقىرىقىدەك شەرئىي پىرىنسىپلارغا مۇناسىپ ۋە ئىسلامنىڭ سودا ئەخلاقىغا ئۇيغۇن شەكىلدە بولسا، مەزكۇر سودا شەرئى جەھەتتىن يوللۇق ۋە جايىزدۇر.

### تۆۋەندە تور سودىسىغا ئالاقىدار ساجىيە تورىغا كەلگەن بەزى سوئاللارغا قىسقىچە جاۋاب بېرىپ ئۆتىمەن.

سوئال: توردا دۇكان ئاچقانلار خېرىدار جەلپ قىلىش ئۈچۈن پۇل خەجلەپ سېتىلىش سانىنى ئاشۇرۇپ دۇكانىنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ئىشلار باركەن، ئادەتتە سېتىلىش سانى كۆپ بولمىسا خېرىدارلار «بۇ دۇكانىنىڭ ماللىرى ئىشەنچلىك ئەمەسكەن» دەپ ئويلاپ مال سېتىۋالمايدۇ، بۇنداق قىلىش توغرىمۇ؟

جاۋاب: يالغاندىن سودا شەكىللەندۈرۈپ، سېتىلىش مىقدارى ۋە خېرىدار باھاسىنى كۆپتۈرۈپ خېرىدارلارنىڭ كۆزىنى بوياش توغرا ئەمەس. بۇ بىر خىل ساختىلىق ۋە ئالدامچىلىق دائىرىسىگە كىرىدۇ.

سوئال: ھازىر ئۈندىدار ۋە تاۋباۋ تورى ئارقىلىق نەرسە كېرەك سېتىۋېلىش بەك ئومۇملىشىپ كەتتى. بىز ئۇ تورلاردا ماللارنىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ سېتىۋالىمىز. ئۇلارنىڭ كارتىسىغا پۇلنى ئۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار پوچتا ئارقىلىق ماللارنى ئەۋەتىپ بېرىدۇ. بەزىلىرى مال يارىمسا ياكى كىچىك-چوڭ كېلىپ قالسا ئالماشتۇرۇپ ياكى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بەزىلىرى ئۇنداق قىلمايدۇ. مۇشۇنداق سودا قىلىش ساتقۇچى ۋە سېتىۋالغۇچى ئۈچۈن دۇرۇس بولامدۇ؟

جاۋاب: توردا تاۋار سۈپىتى ئېنىق، چۈشەندۈرۈشى تەپسىلىي، رەسىملىرى ئوچۇق بولۇپ، تالاش-تارتىش كېلىپ چىقمايدىغان بولسا، سېتىۋالغاندىن كېيىن تاۋار دېيىشكەندەك چىقمىسا خېرىدارنىڭ قايتۇرۇپ بېرىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىنسا، بۇ سودا دۇرۇس بولىدۇ.

سوئال: جوڭگودا 11-ئاينىڭ 11-كۈنىنى «بويتاقلار بايرىمى» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا جوڭگودىكى ئەڭ چوڭ تور سودا شىركىتى بولغان تاۋباۋ بۇ كۈندە پۈتۈن ماللارنىڭ باھاسىنى 50% چۈشۈرىدۇ. مۇشۇ كۈندە ئاشۇ تور بەتتىن بىر نەرسە ئالسا بولامدۇ؟

جاۋاب: جوڭگولۇقلارنىڭ بايرىمىغا پەرۋا قىلماي، بۇ كۈندە سودا قىلىۋەرسىڭىز بولىدۇ.

سوئال: بەزىدە توردا ئالاھىدە ۋاقىتلارنى بەلگىلەپ مالنىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ ساتىدۇ. بۇنداق چاغدا مالنىڭ باھاسى ئادەتتىكى باھادىن خېلىلا ئەرزان بولىدۇ. ئالايىتەن نەچچە مىنۇت دىگەندەك ۋاقىتنى بەلگىلەپ شۇ ۋاقىتنىڭ ئىچىدە مالنى باشقىلاردىن بۇرۇن سېتىۋالالىسا شۇنداق ئەرزان باھادا سېتىۋالغىلى بولىدۇ. مۇشۇ خىل مالنى سېتىۋېلىش جايىزمۇ؟ بەزىلەر تەلەي سىنىغاندەك ئىشلاردىن ئالغان پايدىنىڭ ھەممىسى ھارام دەيدىكەن.

جاۋاب: بۇنىڭ چەكلىنىدىغان تەرىپى يوق. دۇكانلاردىمۇ بىرەر كۈن باھا چۈشۈرۈپ ساتسا ئالسا بولىدۇ.

ۋەللاھۇ ئەئلەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىسلامدا ئوتتۇراھاللىق چۈشەنچىسى (3)

ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى



ئىلگىرىكى ساندا ئىسلام تەشەببۇس قىلغان ئوتتۇراھاللىقنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، سەل قاراش ۋە ئوتتۇرا يول قاتارلىق مۇھىم ئۈچ ئاساسنى ئەتراپلىق چۈشىنىشكە توغرا كېلىدىغانلىقنى تەكىتلەپ، چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە ئۇنىڭ خەتىرى ھەققىدە توختالغانىدۇق. بۇ ساندا سەل قاراش، توغرا يول قاتارلىقلار ئۈستىدە توختىلىمىز.

## 2 ـ سەل قاراش

سەل قاراش ئەرەب تىلىدىكى «**تفريط**» دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ئەرەب تىلى تەتقىقاتى ئالىملىرى ئۆتەشكە تېگىشلىك ھەر قانداق بىر مەجبۇرىيەتنى جايىدا ئادا قىلماسلىقنى «**تفريط**» يەنى سەل قاراش دەپ ئاتىغان. «لىسانۇلئەرەب» دېگەن قامۇسنىڭ ئاپتورى «**تفريط**» دېگەن سۆزنى «**تضييع**» يەنى زايە قىلىۋېتىش دەپ شەرھلىگەن. شەرىئەت ئالىملىرى دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى جايىدا ئادا قىلماسلىق، تائەت ـ ئىبادەتلەرنى زايە قىلىۋېتىش، شەرىئەت ئۆلچىمىگە يەتكۈزمەسلىك قاتارلىقلارنى «**تفريط**» يەنى سەل قاراش دەپ چۈشەندۈرگەن. ئۇلار ئۇخلاپ قېلىپ ئىبادەت ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، بۇ سەل قاراش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. ئەمما ئويغاق تۇرۇپ ئىبادەت ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈش سەل قارىغانلىق بولىدۇ دەپ قارايدۇ ۋە بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئۇخلاپ قېلىش سەل قاراش ھېسابلانمايدۇ، ھەقىقىي سەل قاراش دېگەن ئويغاق تۇرۇپ، بىر نامازنى يەنە بىر نامازنىڭ ۋاقتى كىرگۈچە كېچىكتۈرۈشتۇر»[1] دېگەن ھەدىسنى دەلىل قىلغان.

دىنىمىز ئىشلاردا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن چەكلىگەندەك، سەل قاراشنىمۇ قاتتىق چەكلەپ، ئوتتۇراھاللىققا تەشەببۇس قىلغان. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئوتتۇراھاللىقتىن چەتنەش بولۇپ، شەخس ۋە جەمئىيەتنى ۋەيران قىلىدىغان، شەيتاننى سۆيۈندۈرىدىغان، ئىنساننى ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە دۇچار قىلىدىغان ناچار ئىللەتلەردۇر.

---

[1] سۈنەنى ئەبۇ داۋۇد

ئىسلام ئەقىدە، ئىبادەت، ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە مۇئامىلە ساھەلىرىگە ئوخشاش تىجارەت ۋە خىراجەت ساھەلىرىدىمۇ سەل قاراش ياكى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ئىبارەت ھەر ئىككى تەرەپنى ئوخشاش ئەيىبلەپ، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشقا تەشەببۇس قىلىدۇ. «قولۇڭنى بويىنۇڭغا باغلىۋالمىغىن (يەنى بېخىللىق قىلمىغىن)، قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىپمۇ كەتمىگىن (يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)، (ئۇنداق قىلساڭ پۇلسىز قېلىپ) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن».[1]

سەلەف سالىھلار چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ساقلانغانىدەك، سەل قاراشتىن ھەم ساقلىنىپ، «قۇرئان كەرىم» مەدھىيەلىگەنىدەك، ھەر ئىشتا ئوتتۇراھاللىققا ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئۇلار بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا ئۈممەتلەردىن پەرقلىنىپ كەلگەنىدى. ئەپسۇسكى، ھازىرقىلار بولسا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش، سەل قاراش ئىللەتلىرى بىلەن پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ، بۇ ئالاھىدىلىكنى يوقاتتى. بۆلۈنگەنلىكى، ئىختىلاپلاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مېھرى ـ مۇھەببەت ۋە شەپقەتلەرنىڭ ئورنىنى بىر ـ بىرىگە بولغان غەزەپ ـ نەپرەتلەر ئىگىلىدى. نەتىجىدە، دۈشمەنلەرنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىغا تىل ئۇزۇتۇشنى، ھەتتا قېنىنى تۆكۈشنى ھالال سانايدىغان يەرگە بېرىپ يەتتى. بىز سەگەكلىك بىلەن بۇ ئىللەتلىرىمىزنى تونۇپ، ھەر ئىشتا «قۇرئان كەرىم» تەشەببۇس قىلغان ئوتتۇراھاللىققا قايتمىغىچە، يوقاتقان بىرلىكىمىزنى، ئىناق ـ ئىتتىپاقلىقىمىزنى، كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىزنى ۋە ئىززەت ـ شەرىپىمىزنى قايتۇرۇپ كېلەلمەيمىز. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ».[2]

[1] سۈرە ئىسرا 29 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەنفال 46 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاللاھنىڭ شەرىئىتى كەم ـ زىيادە قىلىنماسلىقى، بەزىلىرىگە ئەمەل قىلىنىپ، يەنە بەزىلىرى تەرك ئېتىلمەسلىكى لازىم. تەرك ئېتىلىش كۆپىنچە سەل قاراشتىن كېلىدۇ. سەل قارىغانلار چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرگە ئوخشاشلا ھەقتىن ئازغان بولىدۇ. «ئى مۇئمىنلەر! ئىسلامغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار (يەنى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇڭلار، بەزى ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ، بەزى ئەھكاملىرىنى تەرك ئەتمەڭلار)، شەيتاننىڭ يوللىرىغا (ۋە ئىغۋاسىغا) ئەگەشمەڭلار، شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر. سىلەرگە (ئىسلام دىنىنىڭ ھەقلىقىنى كۆرسىتىدىغان) روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن (توغرا يولدىن) تېيىپ كەتسەڭلار، بىلىڭلاركى، (سىلەر جازالىنىسىلەر، چۈنكى) ئاللاھ غالىبتۇر (يەنى سىلەردىن ئىنتىقام ئېلىشتىن ئاجىز ئەمەستۇر)، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر».[3]

ئىمام ئەۋزائىي ۋە ئىمام ئىبنى قەييىم جەۋزىي قاتارلىق ئالىملارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «شەيتان ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى ـ پەرمان ۋە چەكلىمىلىرىگە قارشى تۇرۇشتا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سەل قاراشتىن ئىبارەت ئىككى قورالنىڭ بىرىنى ئىشلىتىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى ئارقىلىق مەقسىتىگە يېتەلىسە شۇنى قىلىدۇ. ۋاھالەنكى ئاللاھنىڭ دىنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن سەل قاراشنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالىدۇ».

## سەل قاراشنىڭ مىساللىرى ۋە خەتىرى

جەمئىيەتكە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئىسلام تەلىماتلىرىغا، ئاللاھنىڭ ئەمرى ـ پەرمان ۋە چەكلىمىلىرىگە سەل قاراش ئىللىتىنىڭ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن: دىنىمىز ئاللاھنىڭ

[3] سۈرە بەقەرە 208 ـ، 209 ـ ئايەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ ھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتىش؛ بىر ـ كېچە كۈندۈزدە بەش ۋاخ ناماز ئۆتەش؛ ئۆلچەمگە توشقان مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ يىلدا بىر قېتىم ئۆشرە ـ زاكىتىنى بېرىش؛ رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇش؛ قادىر بولالىغانلار ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئىماندىن ئىبارەت بىرىنچى ئاساسنى مىسالغا ئالساق، بۇنىڭغا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سەل قاراۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ۋاھالەنكى، ئىمان دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئەڭ چوڭ نېئمەت بولۇپ، ئۇنىڭغا سەل قاراش ۋە ئۇنىڭدىن غاپىل بولۇش ئەڭ چوڭ زىيان ئىدى. «زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر»[1].

بىر قىسىم ياشلاردىن ئىمان توغرىسىدا سورالغاندا، ئۇلار بۇ ھەقتە تېخى ئويلاشمىغانلىقىنى ئېيتقان. ۋاھالەنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمەتلىرى ھەققىدە ئويلاپ ئۈلگۈرگەن. ئەمما ئۆزلىرىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى، نەگە بارىدىغانلىقى، كىم ياراتقانلىقى، نېمە ئۈچۈن ياراتقانلىقى، ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە سەل قارىغانلىقتىن ياكى ئىنكار قىلغانلىقتىن ئۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلاشمىغان. «ئۇلار ھاياتىي دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتىن (يەنى ئاخىرەت ئىشىدا ئويلىنىشتىن ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەشتىن) غەپلەتتىدۇر. ئۇلار (ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىشلىرى ئۈچۈن) ئۆزلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟»[2]. «شۈبھىسىزكى، بۇلار دۇنيانى (ئاخىرەتتىن) ئارتۇق بىلىدۇ، كەلگۈسىدىكى قىيىن بىر كۈنگە (يەنى قىيامەتكە) سەل قارايدۇ»[3].

ئىسلامنىڭ ناماز، زاكات، روزا، ھەج قاتارلىق ئاساسلىرىغا بولغان سەل قاراشلارغۇ ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە ئېغىر. كىشىلەر بۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا ئاچچىق ھەسرەت ـ نادامەت ئىچىدە قالىدۇ. «ھەر قانداق ئادەم: «ئاللاھنىڭ تائىتىدە كەتكۈزۈپ قويغانلىرىمغا ھەسرەت! مەن (ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ۋە دىنىنى) مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن ئىدىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن ياكى «ئاللاھ مېنى ھىدايەت قىلغان بولسا (ھىدايەت تېپىپ) ئەلۋەتتە تەقۋادارلاردىن بولاتتىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن ياكى ئازابنى كۆرگەن چاغدا: «كاشكى دۇنياغا قايتالىغان بولسام ئىدى، (ئۇ چاغدا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىپ) ياخشىلاردىن بولار ئىدىم» دەپ قالماسلىق ئۈچۈن (پەرۋەردىگارىڭغا بويسۇنۇڭ)»[4].

بۇ ئايەت كەرىمنى ئىمام تەبەرى «ئاللاھنىڭ ئەمرى ـ پەرمانلىرىنى ئادا قىلمىغانلىقىمغا ھەسرەت ـ نادامەت» دەپ تەپسىر قىلغان بولسا، ئىمام ھەسەن بەسرىي «ئاللاھنىڭ تائىتىدە كەتكۈزۈپ قويغانلىرىمغا ھەسرەت ـ نادامەت» دەپ تەپسىر قىلغان. ئىمام زەھھاك «قۇرئاننى ئوقۇمىغانلىقىم ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغانلىقىمغا ھەسرەت ـ نادامەت» دەپ تەپسىر قىلغان.

بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىللار ئىلگىرى ئۆز يۇرتۇمدا كۆرگەنلىرىمنى مىسال قىلىپ ئېيتسام، بىزنىڭ مەھەللىدە، يۈزگە يېقىن ئائىلىلىك بار بولۇپ، ئۇلاردىن بەش ۋاخ ناماز ئۆتەيدىغانلار 50% كە، رامىزان روزىسىنى تولۇق تۇتىدىغانلار 40% كە، شەرىئەت بەلگىلىگەن بويىچە زاكات

[1] سۈرە ئەسر سۈرىسى.

[2] سۈرە رۇم 7 ـ، 8 ـ ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە ئىنسان 27 ـ ئايەت.

[4] سۈرە زۇمەر 56 ـ 59 ئايەتلەر.

بىرىدىغانلار 20% كە يېتىشى مۇمكىن دەپ تەخمىن قىلاتتىم. ھەربىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ مەھەللىسىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ دىنىي ئەھۋالىنى قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىفتىن ئىبارەت ئىسلام ئۆلچىمىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرسە، بىزدىكى سەل قاراش ئىللىتىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ياخشى تونۇپ يېتىدۇ.

ئىمان مەسىلىسىگە سەل قاراش ئىنسانىنى دوزاخقا ئېلىپ بارغاندەك، ناماز، زاكات، روزا، ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرگە سەل قاراشمۇ ئىنسانىنى جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدۇ. «ھەر ئىنسان قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن (دوزاختا) مەھبۇستۇر. پەقەت ئەسھابى يەمىن (يەنى سائادەتمەن مۆئمىنلەر) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇلار جەننەتلەردە بولۇپ، گۇناھكارلاردىن: «سىلەرنى دوزاخقا قايسى ئىش كىرگۈزدى؟» دەپ سورايدۇ. ئۇلار (جاۋابەن) ئېيتىدۇ: «بىز ناماز ئوقۇمايتتۇق، مىسكىنلەرگە تائام بەرمەيتتۇق. بىز بىھۇدە سۆز قىلغۇچىلار بىلەن بىللە بىھۇدە سۆز قىلاتتۇق. قىيامەت كۈنىنى ئىنكار قىلاتتۇق».[1]

يۇقىرىدىكى ئايەتتە دېيىلگەندەك، ئېغىزنى باشقۇرۇش مەسىلىسىگە سەل قاراپ، بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىش، قىيامەت كۈنىگە سەل قاراپ، ئۇ كۈنگە تەييارلىق قىلماسلىق قاتارلىقلارمۇ ئىنسانىنى دوزاخقا ئېلىپ بارىدۇ. «كىشىلەرنى دوزاخقا موللاق ئاتقۇزۇۋېتىدىغان نەرسە ئۇلارنىڭ تىللىرىدۇر».[2] «ئىنساننىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇش ياكى يامانلىقتىن توسۇش ۋە ياكى ئاللاھقا زىكرى ـ تەسبىھ ئېيتىشتىن باشقا بارلىق سۆزلىرى ئۇنىڭ پايدىسىغا ئەمەس، بەلكى زىيىنىغا بولىدۇ».[3] «بەندە پەرۋاسىزلا ئاللاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان بىرەر سۆزنى دەپ تاشلايدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جەھەننەم ئوتىغا چۈشۈپ كېتىدۇ».[4]

قىيامەت كۈنىگە، ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىشقا سەل قاراش ئىنسانىنى تەدرىجىي ئۇنى ئىنكار قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭغا ئىنكار قىلغان ئىنسان ئەڭ چوڭ زىيان تارتقان بولىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بىپەرۋالىقىغا چوقۇم ھەسرەت ـ نادامەت چېكىدۇ. «ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى (يەنى تىرىلىشنى) ئىنكار قىلغانلار ھەقىقەتەن زىيان تارتتى. قىيامەت تۇيۇقسىز كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «ئۇ دۇنيادىكى بىپەرۋالىقىمىزدىن نادامەت» دەيدۇ. گۇناھلىرىنى ئۇستىلىرىگە يۈكلىۋالىدۇ، ئۇلارنىڭ (گۇناھلارنى) يۈكلىگىنى نېمىدېگەن يامان!».[5]

بەزى قېرىنداشلار كۆڭلىنىڭ ياخشىلىقىنى، دىلدا ئىمان بارلىقىنى دەۋا قىلىپ، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرگە سەل قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ دەۋالىرىنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەر رەت قىلىدۇ. قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف تېكىستلىرىگە دىققەت قىلغىنىمىزدا، ئىماننىڭ ئەمەلدىن ئايرىلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى تەرك ئېتىشنىڭ ئىنسانىنى ھالاكەتكە، دوزاخ ئوتىغا دۇچار قىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىمىز. دېمەك، ئەمەل ـ ئىبادەتلەر ئىماننىڭ كەم بولسا بولمايدىغان سىمۋوللىرىدۇر. شۇڭا قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەردىكى كۆپلىگەن تېكىستلەردە ئىماننىڭ ياخشى ئەمەلگە يانداش كەلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن».[6]

ئۇنىڭدىن باشقا خەلقىمىزنىڭ ئىسلامي

---

[1] سۈرە مۇددەسسىر 38 ـ 46 ئايەتلەر.

[2] ئىمام ئەھمەد، ئىمام تىرمىزى، ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

[3] ئىمام تىرمىزى، ئىمام ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

[4] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[5] سۈرە ئەنئام 31 ـ ئايەت.

[6] سۈرە بەقەرە 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

تەلىم ـ تەربىيە، ئەدەپ ـ ئەخلاق، مۇئامىلە قاتارلىق ساھەلەردە قانداق كېتىۋاتقانلىقىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلام ئۆلچىمى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە، بۇ ساھەلەردە سەل قاراش ئىللىتىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىمىز.

پەننىي بىلىملەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، دىنىي بىلىملەرگە سەل قاراش ياكى ئەكسىچە دىنىي بىلىملەرنى ياخشى ئۆگىنىپ، پەننىي بىلىملەرگە سەل قاراش بىزدىكى يەنە بىر چوڭ خاتالىق. ئەدەپ ـ ئەخلاق، مۇئامىلە قاتارلىق ساھەلەردە سەل قاراش بولسا، كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان، ئادەمنىڭ ۋىجدانىنى ئۆرتەۋاتقان خاتالىقلاردۇر.

خەلقىمىز ئىچىدە كۆرۈلۈۋاتقان سەل قاراشلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، سەھىپە ئېتىبارى بىلەن پەقەت بىر نەچچىسىنىلا كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. ھىجاپقا سەل قاراش مەسىلىسى، ھالال ـ ھارامغا سەل قاراش مەسىلىسى قاتارلىقلارغا ئوخشىغان يەنە نۇرغۇن مۇھىم مەسىلىلەر بار بولۇپ، بىز سەھىپە ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقى بىر قانچە ئىپادىلەرنى كۆرسىتىش بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز.

ئىسلامدا تەشەببۇس قىلىنغان ئوتتۇراھاللىق قانداق ۋاقىتتا زايە قىلىۋېتىلىدۇ؟

ئۆزىنى ياخشى ئىش قىلدىم دەپ ئويلاپ چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر بىلەن مەجبۇرىيەتلەرنى جايىدا ئادا قىلىشقا سەل قارىغۇچىلاردىن ئىبارەت ھەر ئىككى تىپ ئوتتۇرا يولدىن يىراقلاشقۇچىلاردۇر. چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەر زىيان تارتقاندەك، سەل قارىغۇچىلارمۇ چوڭ زىيان تارتىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە ئەمەللىرى جەھەتتىن ئەڭ زىيان تارتقۇچىلارنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇلار ھاياتىي دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىققان، ئەمما ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر».[1]

## سەل قاراشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىشتۇر

ئىنسان كۆپىنچە ئۆزىنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىپ قالىدۇ. بۇ ھالەت ئۇزاق داۋاملاشقانسېرى ئىنسان ئۆز نەپسى خاھىشىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزالىرى نەپسى خاھىشى بويىچە ھەرىكەت قىلىدىغان بولىدۇ. بۇنداق ئىنسان ئاللاھنىڭ زىكرىدىن غاپىل بولۇپ، ئىسلام تەلىماتلىرىغا سەل قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئاندىن ئۇ ھەق يولغا قايتىشىم دەپ ئىسلام تەلىماتلىرىدا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ھەق يولدىن تېخىمۇ يىراقلاپ كېتىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ نەپسى خاھىشى بىلەن شەيتىنى بىرلىشىپ، ئۇنى ھېچكىمنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلمايدىغان، ھېچكىمنى كۆزىگە ئىلمايدىغان، ئاتا ـ ئانىسىنى، يۇرت چوڭلىرىنى، ئۆلىمالارنى مەنسىتمەيدىغان ئاتىكاچا، ھاكاۋۇرغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. چۈنكى ئۇ، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفكە ئەمەس، بەلكى نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىدۇ. ئۇلار نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغۇچىلاردۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ماڭا نەپسى خاھىشىنى ئىلاھ قىلىۋالغان، ئاللاھ ئازدۇرغان، (ھەقنى) بىلىپ تۇرغان، ئاللاھ قۇلىقىنى ۋە قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن ۋە كۆزىنى پەردىلىگەن ئادەمنى ئېيتىپ بەرگىن، ئاللاھ ئازدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ؟ سىلەر (بۇلاردىن) ۋەز ـ نەسىھەت ئالمامسىلەر؟».[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇممىتىمدىن ئىت ئۆز ئىگىسىنى سۆرەپ ماڭغاندەك، نەپسى خاھىشلىرى ئۇلارنى سۆرەپ ماڭىدىغان جامائەتلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئۇلارنىڭ

[1] سۈرە كەھف 103 ـ ، 104 ـ ئايەتلەر.

[2] سۈرە جاسىيە 23 ـ ئايەت.

نەپسى خاھىشلىرى ئۇلارنىڭ پۈتۈن تومۇر ۋە بوغۇملىرىنى قورشىۋالىدۇ».[1]

جەمئىيىتىمىزدە بۇنداقلار ئاز ئەمەس، ئۇلار ئىشلىرىدا قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىفنى ئەمەس بەلكى ئۆز نەپسى خاھىشلىرىنى ئۆلچەم قىلىپ ياشايدۇ. ھەتتا ئۇلار ئىسلام شەرئىتىنى ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ، غەيۋەت-شىكايەت، پىتنە-پاساتلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئاللاھنىڭ زىكرىدىن غاپىل بولىدۇ. گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ھەددىدىن ئاشىدۇ. ئەقىل-ھوشى جايىدا مۇئمىن-مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، بۇنداقلاردىن يىراق تۇرۇشى، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماسلىقى لازىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى) گە ئەگەشمىگىن».[2]

## سەل قاراش ئىللىتىنى داۋالاشنىڭ ئۈنۈملۈك دورىسى ئىلىمدۇر

ئوڭ-سولغا تېيىپ كەتمەي توغرا يولدا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن چوقۇم ئىلىم بولۇش كېرەك. توغرا يولدىن چەتنەپ كېتىشنىڭ كۆپىنچە سەۋەبلىرى ئىلىمسىزلىك ۋە ئىلىمنىڭ ئازلىقىدۇر. ئىلىم ئېلىش چوقۇم قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف ئاساسى بويىچە سىستېمىلىق بولۇش كېرەك. توغرا يولدا تەۋرەنمەي، ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن ئىككى خىل كۈچ-قۇۋۋەت ناھايىتى زۆرۈر. بىرى توغرا بىلەن خاتانى ئايرىيالايدىغان ئىلمي كۈچ-قۇۋۋەت، يەنە بىرى توغرا يولنى بىلگەندىن كېيىن شۇ يولدا چىڭ تۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئەمەلي كۈچ-قۇۋۋەت. چۈنكى ئەمەلسىز ئىلىم ئىگىسىنى نىپاققا باشلىسا، ئىلىمسىز ئەمەل بىدئەت ۋە خۇراپاتلىققا باشلايدۇ. نىجاتلىق پەقەت ئىلىم بىلەن ئەمەل بىرلەشكەندە بولىدۇ. چۈنكى شەيتان ئىلىمسىز ئىنسانلارغا ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنى توغرا يولدىن ئاسانلا ئازدۇرۇۋېتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «شەيتان ئۇلارغا قىلمىشلىرىنى چىرايلىق كۆرسەتتى، ئۇلارنى توغرا يولدىن توستى، ئۇلار ھىدايەت تاپمايدۇ».[3]

## 3 ـ توغرا يول

توغرا يول دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدىكى «**الصراط المستقيم**»نىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، بىز ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەستىن ۋە ئۇنىڭدىن نېمىنىڭ مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەستىن، ئىسلام تەشەببۇس قىلغان ئوتتۇراھاللىقنى توغرا مەنىسى بىلەن چۈشىنەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. «**الصراط المستقيم**»نىڭ ئەسلى مەنىسى بولمىغان تۈز، توغرا ۋە داغدام يول بولۇپ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىگىسىنى ياخشى نەتىجىلەرگە ئېلىپ بارىدىغان سۆز، ھەرىكەتلەرگە قارىتا ئىشلىتىلىدۇ. «**الصراط المستقيم**» دېگەن سۆز قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىفلەردە كۆپ ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، تەپسىرشۇناسلار بۇ سۆز ئۈستىدە نۇرغۇن ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، بۇ سۆزدىن قۇئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىف؛ ئىسلام دىنى؛ ئاللاھقا توغرا شەكىلدە ئىبادەت قىلىش؛ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن سەل قاراشتىن خالىي ئوتتۇراھاللىق... قاتارلىق بىر قانچە خىل كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز نۆۋىتىدە توغرا كۆز قاراشلاردۇر. چۈنكى بۇ قاراشلارنىڭ ھەممىسى «**الصراط المستقيم**» يەنى توغرا يولنىڭ يېتەكچىلىرىدۇر.

ئەمما قۇرئان كەرىمدىكى «**الصراط المستقيم**»

---

[1] ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى.

[2] سۈرە كەھف 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە نەمل 24 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com

دېگەن سۆزنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى جۈملىلەر، شۇنىڭدەك چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە سەل قاراش ئىللەتلىرىدىن چەكلەپ كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر «**الصراط المستقيم**» دېگەن سۆزدىن چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن سەل قاراشتىن خالىي ئوتتۇراھاللىق مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىنى كۆچلەندۈرىدۇ. سۈرە فاتىھەنىڭ بۇ ئايەتلىرىمۇ بۇنى تەكىتلەيدۇ: «بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)».[1]

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە توغرا يولنىڭ ئۆزىنىڭ غەزىپىگە يولۇققانلار بىلەن ئازغانلارنىڭ يولى ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئىنئام قىلغان پەيغەمبەرلەرنىڭ، راستچىللارنىڭ، شېھىتلەرنىڭ ۋە سالىھلارنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرگەن.

«قۇرئان كەرىمدە (تەشەببۇس قىلىنغان) ئوتتۇراھاللىق» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى دوكتۇر ئەلى مۇھەممەد سەللابىي مۇنداق يازىدۇ: يۇقىرىدىكىلەردىن «**الصراط المستقيم**»نىڭ مەنىسىنىڭ ئوتتۇراھاللىققا دالالەت قىلىدىغانلىقى تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. ئوتتۇراھاللىقتا تېپىلىدىغان ياخشى ۋە ئوتتۇرىسىدا بولۇش دېگەن مەنىلەر «**الصراط المستقيم**»نىڭ مەنىسىدە ھەم تېپىلىدۇ. سۈرە فاتىھەدە ئاللاھ تائالا بىزگە تەلىم بېرىپ: «بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن» دېدى. ئاندىن ئۇ يولنى بىزگە چۈشەندۈرۈپ: «سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن)» دېدى. ئاندىن ئۇنى تېخىمۇ ئىزاھلاپ: «غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس» دېگەن جۈملىنى كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا «**الصراط المستقيم**»نىڭ ئۆزى ئىنئام قىلغان پەيغەمبەرلەر، راستچىللار، شېھىتلەر ۋە سالىھلارنىڭ يولىدىن ئىبارەت ياخشىلارنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى

[1] سۈرە فاتىھە 6 ـ، 7 ـ ئايەتلەر.

بايان قىلىپ بەرگەن بولدى. ئۇ يول بولسا ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇققانلار بىلەن ئازغانلارنىڭ يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولدۇر.

ئاللاھ تائالا سۈرە بەقەرەدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ خالىغان كىشىنى توغرا يولغا باشلايدۇ».[2] «شۇنىڭدەك كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە) شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز سىلەرنى ئوتتۇراھال (يەنى ياخشى) ئۈممەت قىلدۇق».[3] تەپسىرشۇناسلار بۇ ئايەتتىكى «**وكذالك**» دېگەن سۆزنىڭ «ك» ھەرپىي ئۈستىدە توختىلىپ، بۇ ھەرپىنىڭ ئىككى جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىنى باغلاش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى يەنى ئۇلارنى ئوتتۇراھال ئۈممەت قىلغانلىقى بىلەن ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىغانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىنى باغلاش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى تەكىتلىدى.[4]

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىس بۇنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدۇق، ئۇ بىر سىزىق سىزدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئىككى سىزىق، سول تەرىپىگە يەنە ئىككى سىزىق سىزدى، ئاندىن قولىنى ئوتتۇرىسىدىكى سىزىقنىڭ ئۈستىگە قويۇپ: «بۇ ئاللاھنىڭ يولىدۇر»، دېدى. ئاندىن بۇ ئايەتنى ئوقۇدى: «بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، نا توغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ[5]».[6]

مەزكۇر مەزمۇنلاردىن تۆۋەندىكىدەك يەكۈنلەرنى چىقىرىشقا بولىدۇ:

[2] سۈرە بەقەرە 142 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] سۈرە بەقەرە 143 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[4] تەپسىر تەھرىر ۋەتتەنۋىر، ۋە تەپسىر تەبەرىي.

[5] سۈرە ئەنئام 153 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[6] دوكتۇر ئەلى مۇھەممەد سەللابىي: «قۇرئان كەرىمدە (تەشەببۇس قىلىنغان) ئوتتۇرا ھاللىق» 64 ـ بەت.

1. «الصراط المستقيم» يەنى توغرا يول ئوتتۇراھاللىقنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. فاتىھە ۋە بەقەرە سۈرىلىرىنىڭ ئايەتلىرى بۇنىڭغا كەسكىن ھۆججەتتۇر.

2. يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، ئوتتۇراھاللىق ياخشى دېگەن مەنىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

3. ئوتتۇراھاللىق ۋە ياخشىلىقنى بەلگىلەش ئۆلچىمى ئىنسانلارنىڭ نەپسى خاھىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئىسلام شەرىئىتى بويىچە بولىدۇ.

4. ئوتتۇراھاللىق چۈشەنچىسىنى تەتبىقلاشتا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئامىللار ۋە ئۇسۇللار بار.[1] (دوكتۇر ئەلى مۇھەممەد سەللابىينىڭ سۆزى تۈگىدى).

دېمەك، مۇسۇلمانلار داۋاملىق نامازلىرىدا ئاللاھتىن تىلەۋاتقان، ئۇيغۇر تىلىدا توغرا يول دەپ تەرجىمە قىلىنىۋاتقان «الصراط المستقيم» چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش بىلەن سەل قاراشتىن خالىي ئوتتۇراھاللىقنىڭ دەل ئۆزىدۇر.

## توغرا يولدا چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى

توغرا يولدا چىڭ تۇرۇش ھەربىر مۆئمىن-مۇسۇلمان ئۈچۈن ئەلۋەتتە مۇھىم. چۈنكى بۇ ئىنساننى ھالاكەتتىن ساقلاپ، نىجاتلىق ۋە غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغان داغدام يولدۇر. مەن ئىلگىرى بىر تۈركۈم قېرىنداشلارنىڭ بىر مەزگىل سەل قاراش ئىچىدە تىنىمسىز يۈرگەنلىكىنى، كېيىن بەزى دەۋەتچىلەرنىڭ تەسىرى بىلەن توغرا يولنى تونۇپ، ئىسلام تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىشقا باشلىغانلىقىنى، لېكىن ئاللاھ بېكىتمىگەن بەزى ئىشلارنى ئۆزلىرىگە يۈكلىۋېلىپ، تەدرىجىي چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن خېلى تەقۋالىقى بىلەن تونۇلغان ئۆلىمالارنىڭ ئىبادەتلىرىنى ياراتمايدىغان يەرگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈپ كۆپ ئەپسۇسلانغانىدىم. چۈنكى ھەددىن ئاشۇرۇش دېيىلگەندەك، ئۇلارنىڭ ئۆزۈنىغا بارماي مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغانىدىم. كېيىن مەن ئۇلار بىلەن قايتا ئۇچراشقىنىمدا مەن پەرەز قىلغاندەك، ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆردۈم. كېچىلىرى ئۇخلىماي نەپلە ئىبادەتلەرنى باشلىغان، كۈن ئاتلاتماي نەپلە روزا تۇتۇپ، چېكىش-ئىچىشنى تاشلىغان بۇ قېرىنداشلار بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ كونا ئادەتلىرىگە قايتىپ، چېكىش-ئىچىشنى قايتىدىن باشلىۋەتكەنىدى. دېمەك، توغرا يولنى تېپىش بىر مەسىلە، ئەمما ئۇ يولدا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە چىڭ تۇرۇش بۇ تېخىمۇ مۇھىم مەسىلە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا ئىمان ئېيتتىم دېگىن، ئاندىن ئۇنىڭدا چىڭ تۇرغىن».[2] «ئاللاھقا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان ئەمەل ئاز بولسىمۇ داۋاملىق قىلىنغان ئەمەلدۇر».[3]

ئۆلىمالار توغرا يولدا چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن ۋە ئۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە بىر قانچە نۇقتىلارنى بايان قىلغان بولۇپ، تۆۋەندە ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1. توغرا يولدا چىڭ تۇرۇش ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى غايە بولغان قۇلچىلىقنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش بولۇپ، ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە مۇۋەپپەقىيەت ۋە غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

2. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنى، شۇنىڭدەك پەيغەمبىرىگە ئىمان ئېيتقان مۆئمىن-مۇسۇلمانلارنى توغرا يولدا چىڭ تۇرۇشقا بۇيرۇغان: «شۇنىڭ ئۈچۈن (يەنى دىنىدا ئىختىلاپ قىلىشقانلىقى ئۈچۈن) (ئى مۇھەممەد! بارلىق ئىنسانلارنى توغرا دىن ئاساسىدا ئىتتىپاق

---

[1] ئەلۋەسەتىيە فى زەۋئىلقۇرئان 80-بەت.

[2] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[3] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

www.uyghurkitap.com

بولۇشقا) چاقىرغىن، بۇيرۇلغىنىڭ بويىچە توغرا يولدا چىڭ تۇرغىن».[1]

«(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھ سېنى بۇيرۇغاندەك توغرا يولدا بولغىن، ساڭا ئىمان ئېيتقانلارمۇ توغرا يولدا بولسۇن. (مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىپ) ئاللاھنىڭ چەكلىرىدىن چىقىپ كەتمەڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر».[2] شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالا بارلىق پەيغەمبەرلىرىنى، جۈملىدىن مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارنى ھەم توغرا يولدا چىڭ تۇرۇشقا بۇيرىغان. «ئىككىڭلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت قىلىندى، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇڭلار، نادانلارنىڭ يولىغا ئەگەشمەڭلار».[3]

3. سۇفيان ئىبنى ئابدۇللاھ سەقەفىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: يا رەسۇلۇللاھ، ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچكىمدىن سورىمىغىدەك، ئىسلامدا مۇھىم بىر سۆزنى ئېيتىپ بەرگەن بولساڭلا دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئاللاھقا ئىمان ئېيتتىم دېگىن، ئاندىن (توغرا يولدا) چىڭ تۇرغىن» دېگەندى.[4]

## توغرا يولدا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر ئامىللار

ھەر قانداق بىر قىممەتلىك نەرسىگە ئېرىشىشنىڭ مۇھىم ۋەسىلە ۋە سەۋەبلىرى بولىدۇ. ھاياتتا ئەڭ زۆرۈر ۋە ئەڭ قىممەتلىك بولغان توغرا يولدا چىڭ تۇرۇشنى ئۈمىد قىلغان ھەربىر ئىنسان تۆۋەندىكى ۋەسىلە ۋە سەۋەبلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشى لازىم:

1. توغرا يولدا چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇ كىشى ئۈچۈن توغرا يولنى ئىرادە قىلىشى، ئۇنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا ئېچىشى، تائەت ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىشىدۇر. «سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نۇر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ۋە روشەن كىتاب (قۇرئان) كەلدى. ئاللاھ شۇ كىتاب (قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرى (ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى)غا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرى) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ».[5]

2. ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلىش. «ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر».[6]

3. گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن قول يىغىپ، ئاللاھقا تەۋبە قىلىش. «ئى مۆئمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار».[7]

4. مەسئۇلىيەتچان بولۇش، ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئېلىپ تۇرۇش. «ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەر ئادەم ئەتە (يەنى قىيامەت كۈنى) ئۈچۈن (ياخشى ئەمەلدىن) نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر».[8]

5. بەش ۋاخ نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇش. چۈنكى ناماز بەندە بىلەن رەببىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ، بەندىنى قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدىغان

[1] سۈرە شۇرا 15- ئايەت.
[2] سۈرە ھۇد 112- ئايەت.
[3] سۈرە يۇنۇس 89- ئايەت.
[4] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
[5] سۈرە مائىدە 15-، 16- ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى.
[6] سۈرە بەييىنە 5- ئايەت.
[7] سۈرە نۇر 31- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[8] سۈرە ھەشر 18- ئايەت.

ئامىللاردىندۇر. «ناماز ھەقىقەتەن قەبىھ ئىشلاردىن ۋە گۇناھلاردىن توسىدۇ».[1]

6. دىنىي ئىلىملەرنى، بولۇپمۇ قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىف ئىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلەش. چۈنكى بۇ ئىلىملەر ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ كىتابىنى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى تونۇشنىڭ ۋاستىسىدۇر.

7. ياخشى كىشىلەر بىلەن بولۇپمۇ مەسئۇلىيىتىنى تونۇيدىغان ئالىملار بىلەن ھەمسۆھبەت ۋە دوست بولۇش. چۈنكى ياخشى ھەمراھ دوستىنىڭ ئاللاھقا توغرا شەكىلدە ئىبادەت قىلىشىغا، پايدىلىق ئىلىم ئىگىلىشىگە ياردەم بېرىدۇ، ئۇنى خاتالىقلاردىن توسىدۇ. يامان ھەمراھ تامامەن ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئاللاھ يولىدىكى دوستلۇق ئۈزۈلمەي داۋام قىلىدۇ ۋە بۇنداق دوستلۇق دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ئەسقاتىدۇ. «بۇ كۈندە (ئاللاھ يولىدا دوستلاشقان) تەقۋادارلاردىن باشقا بارلىق دوستلار بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولىدۇ».[2]

8. ئۆزىنى ھارامدىن ساقلاش، بولۇپمۇ تىلىنى يالغانچىلىق، سۇخەنچىلىك، غەيۋەت ـ شىكايەت قاتارلىق يامان ئىللەتلەردىن، كۆزىنى قاراش ھارام بولغان نەرسىلەردىن ساقلاش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بۇ نەسىھىتىنى دائىم كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش: «بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە). (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى)نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال ـ سوراق قىلىنىدۇ».[3]

9. شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەسلىك. «ئى مۇئمىنلەر! شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمەڭلار، كىمكى شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىدىكەن، شەيتان ئۇنى قەبىھ (سۆز ـ ھەرىكەتلەر)گە، يامان ئىشلارغا

[1] سۈرە ئەنكەبۇت 45 ـ ئايەت.
[2] سۈرە زۇخرۇف 67 ـ ئايەت.
[3] سۈرە ئىسرا 36 ـ ئايەت.

بۇيرۇيدۇ».[4]

## توغرا يولدا مۇستەھكەم تۇرۇشنىڭ مۇكاپاتلىرى

توغرا يولدا چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇكاپاتلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، تۆۋەندە پەقەت مىسال تەرىقىسىدە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

1. كۆڭۈل خاتىرجەملىكىگە ئېرىشىش.

2. خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا بولۇشتىن ساقلىنىش.

3. ۋاپات بولۇش جەريانىدا ۋە قەبرىدىن چىقىپ سوراق مەيدانىغا ماڭغاندا پەرىشتىلەرنىڭ بىشارەت بېرىشىگە ۋە دوستلۇق ئىزھار قىلىشىغا نائىل بولۇش.


4. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت ـ ئىكراملىرىغا ئېرىشىش.

5. جەننەتتە كۆڭلى تارتقان ۋە تەلەپ قىلغان تۈرلۈك نازۇ نېئمەتلەرگە ئېرىشىش. «شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھتۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (ئاللاھ) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر» دەيدۇ».[5]

ـــ داۋامى كېيىنكى ساندا...

[4] سۈرە نۇر 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە فۇسسىلەت 30 ـ ، 31 ـ ، 32 ـ ئايەتلەر.

www.uyghurkitap.com




شەرىق ئابدۇللەزىز

# روھىنگىيا مۇسۇلمانلىرى ۋە خەلقئارانىڭ مۇناپىقلىقى

سىراجىددىن ئەزىزى تەرجىمىسى

دۇنيا مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىغا ھېچ قاندىمىغاندەك، مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلمىسا كۆڭلى ئارام تاپمىغاندەك ئەمەس! غەززە، ئوتتۇرا ئافرىقا، ئاراكان... قاتارلىق جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قىرغىن قىلىنىۋاتقانلىقىدەك ئېچىنىشلىق تىراگدىيەلەرگە دۇنيانىڭ ۋىجدانى ھېچ ئويغانمىغاندەك ئەمەس! (ناۋادا دۇنيادا ۋىجدان بار دېيىلگەن تەقدىردە)

ئىنسانىي ۋىجدان...

كىشىلىك ھوقۇق...

مۇسۇلماننىڭ ياشاش ھوقۇقى...

بۇلار قېنى؟!

تىنچ ئوكياندىن قۇرۇقلۇققا قاچقىپ كەتكەن بىر لەھەڭنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەپەرۋەرلىككە كەلگەندەك، ئەندىمان دېڭىزىدا ھايات-مامات ئارىسىدا تىپىرلاۋاتقان مىڭلارچە مۇسۇلمانلارنىڭ پەريادلىرىغا قۇلاق سالىدىغان دۇنيا قېنى؟!

ئىراقتا ئونلارچە ئەيزىدىلەر[1]نى قۇتقۇزىۋېلىش ئۈچۈن 80 دۆلەتنى سەپەرۋەر قىلغان ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى ئىتتىپاقداشلار قېنى؟!

بېرما ھەربىي ھاكىمىيىتىنىڭ روھىنگىيا خەلقىگە قارشى قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئوبامانىڭ بىرمىنى زىيارەت قىلىشى ۋە بېرما مۇستەبىت ھاكىمىيتى بىلەن ئىمزالىغان سودا كېلىشىملىرى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟!

قۇربان بولغۇچىلار مۇسۇلمانلار بولغاندا كىرپىدەك تۈگۈلۈپ تۇرۇۋېلىش غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى. بىز ياشاۋاتقان بۇ دەۋردىكى خەلقئارانىڭ ئىشلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى پەقەت مۇناپىقانە بىر پوزىتسىيەدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئىسلام دۇنياسى ھازىرقىدەك چېچىلاڭغۇ، ئاجىز، جانسىز ھالەتتىلا بولىدىكەن مۇناپىقلىق ۋە ئىككى يۈزلىمىلىچىلىكنىڭ ئىزچىل داۋاملىشىدىغانلىقى ئېنىق. روھىنگىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ تىراگدىيىسىنى يەرلىك ياكى

---

[1] Ezidi ئىراق ۋە سۈرىيەدە ياشايدىغان ئاز سانلىق مىللەت. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تۈركىيە، گىرمانىيە، ئەرمىنىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ياشايدۇ. ياۋروپا ھىندى قان سېستىمىسىغا تەۋە. كوردلار بىلەن يىلتىزداش كېلىدۇ. ئەرلىرىنىڭ كېيىنىش ۋە قىياپىتى ئەرەبلەرگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىبادەت ۋە ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى بار بولۇپ، بىر قىسىم ئىسلام تەتقىقاتچىلىرى ئۇلارنى «شەيتان سىمۇۇللىرى» دەپ قارايدۇ. ئۇلار كورد تىلىنىڭ تۆت شېۋىسىنىڭ بىرى بولغان كىرمانجى تىلى بىلەن سۆزلىشىدۇ. ئاز بىر قىسمى ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدۇ. دۇرۇت ۋە مۇناجاتلىرىدا قۇياشقا سېغىنىدۇ. بىر يىلدا قېرىق كۈن روزا تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەددىيە قاراشلىرىدا مانى، زەردۇشت، خىرىستىئان ۋە قەدىمقى ئېپتىدائىي دىنلارنىڭ ئاسارەتلىرى خىلى كەك ئومۇملاشقان.

رايۇن خاراكتېرلىق مەسىلە دەپ قارىماستىن، بەلكى جۇغراپىيە، مەدەنىيەت ۋە ھازارەت ئامىللىرىدىن تاشقىرى ئىسلامغا قارشى ئۆچمەنلىكنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ.

روھىنگىيا مۇسۇلمانلىرىغا قارىتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جىنايەتلەر، پەقەت شۇ مۇسۇلمانلارغىلا ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلارغا ئالاقىدار سىياسىي تەشكىلات ياكى جامائەتلەرگىمۇ قارىتىلغان خەلقئارالىق «ئىسلاموفوبىيا (Islamophobia)» ئىدىئولوگىيە ئۇرۇشىنىڭ بىرقىسمى دېيىشكە بولىدۇ.

يېقىندىن بىرى روھىنگىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق پاجىئەلىرىگە شاھىد بولۇۋاتىمىز. روھىنگىيا دېگەن ئىسىم 300 يىلدىن بىرى ئەراكان مۇسۇلمانلىرىغا قويۇلغان ئىسىم بولۇپ، ئۇلار بىرما ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي يوق قىلىش مەقسىتىدە سىستېمىلىق، پىلانلىق ھالدا قوغلاپ چىقىرىلماقتا ياكى قەتلىئام قىلىنماقتا.

ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەڭ ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن ئۆلتۈرۈش، ئۆيلىرىگە ئوت قويۇش ئارقىلىق يۈز مىڭلارچە بىگۇناھ كىشىلەرنى ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە (تايلاند، بىنگال، فىلىپپىن، مالايسىيا)لارغا قاراپ قېچىشقا مەجبۇرلىماقتا. مەزكۇر دۆلەتلەر بۇلارنى رەھىمسىزلەرچە رەت قىلىپ، دۆلەت چېگرالىرىغا يېقىنلىشىشتىن توسۇپ، دېڭىزلارغا ئىتتىرىپ ھاياتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلىماقتا. بۇلارنىڭ بىچارە ھالىنى غەنىمەت بىلگەن بىر قىسىم نائەھلىلەر ئۇ بىچارىلەرنى سۈيئىستىمال قىلىپ ئادەم ئەتكەسچىلىك جىنايەتلىرى؛ بولۇپمۇ ئاياللار ۋە بالىلارنى قۇللارغا ئوخشاش سېتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانماقتا. بۇ ئىشلار ئىنسانىي ئەخلاق ۋە خەلقئارا قانۇن-تۈزۈملەرگە خىلاپ بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانىيەت تارىخىدا نومۇسلۇق بىر ئىش سۈپىتىدە داۋام قىلىپ تۇرماقتا. بۇلارغا قارىتا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان جىنايەتلەر ئادىمىيەت نۇقتىسىدىنمۇ ئىنتايىن قەبىھ جىنايەت بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ ۋىجدانىغا سوئال

بەلگىسى قويماقتا.

بىز ئۇلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جىنايەتلەرنى كۆزەتكىنىمىزدە، بىرما ھاكىمىيىتىنى ئارقا تېرەك قىلغان بىر قىسىم بۇددىستلارنىڭ قىلىۋاتقانلىرى روھىنگىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىسلامىي كىملىكىنى يوق قىلىش مەقسىتىدە مۇنتىزىم، پىلانلىق ھالدا ئېلىپ بېرىۋاتقان جىنايەتلەر ئىكەنلىكىنى، خەلقئارانىڭمۇ بۇ ئىشلارغا كۆز يۇمۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقايمىز.

يېقىندا قەلەملەر يېزىشتىن، فوتو ئاپاراتلار سۈرەتتە ئىپادە ئېتىشتىن ئۈزۈلدىغان بىر تۈركۈم پاجىئەلەر بولۇپ ئۆتتى. بىر كېمىدىكى نەچچە يۈز نەپەر روھىنگىيا مۇسۇلمانلىرىنى ئەتراپتىكى قوشنا دۆلەتلەر قوبۇل قىلماي، ئەندىمان دېڭىزىدا لەيلەپ يۈرگەندىن كېيىن، كېمىدىكى ئاز بىر قىسىم يىمەك-ئىچمەكنى تالىشىپ يۈزدىن ئارتۇق ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاياللار ۋە كىچىك بالىلار. بۇ پاجىئە ھازىرقى ئادەملەرنىڭ نەقەدەر پەسكەش، چۈشكۈن ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭمۇ نەقەدەر مۇناپىقانە تەبىئىتىنى ئېچىپ بەردى. ئاچلىقتىن ئۆلگەن ئاشۇ يۈزلەرچە بىگۇناھ جاننىڭ روھلىرى دۇنيا ئەھلىنىڭ بۇ مۇناپىقانە پوزىتسىيىسىنى قارىغۇ تارىخ قىلىپ پۈتۈپ قويىدۇ.

بىرمانىڭ 55 مىليون پۇقراسى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ 15% ئاھالىسى مۇسۇلمان. ئاراكان مۇسۇلمانلىرى ئومۇمى مۇسۇلمانلار سانىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. «مىيانمار» دەپ ئاتىلىدىغان بىرما مۇستەبىت ھاكىمىيىتى «969» دەپ تونۇلغان ئاشىن ۋىراتۇ رەھبەرلىكىدىكى رادىكال بۇددىستلارنى كۈشكۈرتۈپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلىك بىلەن شۇ دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى بولغان روھىنگىيا مۇسۇلمانلىرىنى قەتلىئام قىلىشى بىرما ھاكىمىيىتىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى جىنايەتتە بىۋاستە قولى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىرما مۇستەبىت ھاكىمىيىتى روھىنگىيالارغا قارىتا سادىر قىلغان بارلىق قەتلىئام

www.uyghurkitap.com

جىنايەتلىرىگە ھامان ئېغىر بەدەل تۆلەيدۇ.

1982-يىلى بىرما مۇستەبىت ھاكىمىيىتى چوڭ مىللەتچىلىك پوزىتسىيىسى بىلەن روھىنگىيا مۇسۇلمانلىرىنى دۆلەتنىڭ ئەسلى پۇقراسى ئەمەس دەپ پۇقرالىق ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قارارىنى ماقۇللىغاندىن بىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىختىيارى يۈرۈش ۋە ئىگىلىك ھوقۇقلىرى پۈتۈنلەي چەكلىمىگە ئۇچراپ كەلگەنىدى.

بىرما مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلۇملىرى يەتمىگەندەك، نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى ساھىبى، بىرمىدىكى ئىنسان ھەقلىرى ۋە دېموكراتىيەنى ئالغا سۈرۈشنى نىشان قىلغان ئۆكتىچىلەر رەھبىرى ئاڭسانسۇكىمۇ مەيلى سىياسىي ياكى باشقا جەھەتلەردە بولسۇن مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ زوراۋان سىياسەتلىرىگە ئىزچىل سۈكۈت قىلىپ كەلدى.

2012-يىلى ئاڭسانسۇكى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا قارىتىلغان قىرغىنچىلىق تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى. يۈزمىڭلارچە مۇسۇلمان جازا لاگېرلىرىغا قامالدى ياكى يۇرتلىرىدىن پالاندى. خەلقئارادا ئالاھىدە شۆھرەت ۋە ئىمتىيازغا ئىگە بولغان ئاڭسانسۇكى بۇ جىنايەتلەرگە پەقەت كۆز يۇمۇش پوزىتسىيىسىدىلا بولدى خالاس.

نۆۋەتتە ئاڭسانسۇكى بىرما رەئىسلىكىگە تىرىشىۋاتقان بولۇپ، ئۇ مەزكۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئىنكار قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ۋەقەلەر ئىرقىي قىرغىنچىلىق بولماستىن، بۇددىستلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ بىر-بىرىدىن قورقۇشى نەتىجىسىدە يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق قالايمىقانچىلىق. مۇسۇلمانلار قوغلانغان بولسا، بۇددىستلارمۇ زوراۋانلىققا ئۇچرىدى». دېمەك، مۇسۇلمانلار قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغان ۋە يۇرتلىرىدىن قوغلانغاندا ئىنسان ھەقلىرى ۋە دېموكراتىيەنىڭ جارچىسى بولغان ئاڭسانسۇكىنىڭمۇ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

مەيلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى بولسۇن ياكى خەلقئارالىق باشقا تەشكىلاتلا بولسۇن بىرما مۇسۇلمانلىرىنى قىرغىن قىلىشتا ھەممىسى بىردەك بىرما مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە سىياسىي ئارقا تىرەك بولۇش، سۈكۈت قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولماقتا. 2014-يىلى بىرما ھاكىمىيىتى نوپۇس ستاتىسكىسى ئېلىپ بارغان بولۇپ، 30يىلدىن كېيىنكى ستاتىسكىسىغا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىمۇ قاتنىشىش ئارقىلىق قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە چاپان ياپقان بولدى. بۇ قېتىمقى نوپۇس ئىنقلاشتا 135 مىللەت ئەنگە ئېلىنغان بولۇپ، روھىنگىيالار مىللەت قاتارىغا كىرگۈزۈلمىگەن. بۇ قىلمىشلارغا قارىتا دۇنيا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋە باشقا ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتلىرى بىر ئاز تەنقىدىي مەيداندا تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ھۆكۈمەت تەرەپ ئۇلارنىڭ تەنقىدىگە پىسەنت قىلماستىن، ب د ت نىڭ قوشۇلىشى ئاساسىدا روھىنگىيالارنىڭ مىللىي كىملىكى پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈپ تاشلانغان.

ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىن ئىبارەت ئىسلامغا قارشى ئەللەر بىرما ھاكىمىيىتىنى مۇسۇلمانلارنى ۋەھشىيلىك بىلەن قىرغىن قىلغانلىقىغا قارىتا مۇكاپاتلاپ سوۋغات-ئىنئاملارنى تەقدىم قىلدى. ئامېرىكىغا ئەگىشىپ ياۋروپا دۆلەتلىرىمۇ بىرما مۇستەبىت ھەربىي ھاكىمىيىتى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرىنى نورماللاشتۇرۇش، ئىقتىسادىي كېلىشىملەرنى تۈزۈشكە باشلىدى. بىرما رەئىسى تېنسىن ئامېرىكىغا زىيارەتكە باردى. ئۇنىڭ بۇ زىيارىتى 1966-يىلدىن كېيىنكى تۇنجى زىيارەت ھېسابلىنىدۇ. خەلقئارالىق تەشكىلاتلاردىن بىر قانچىسى بىرما بۇددىستلىرىنىڭ روھىنگىيا مۇسۇلمانلىرىنى قىرغىن قىلىش جىنايىتىدە بىرما ھاكىمىيىتىنىڭ قولى بارلىقىنى دەلىل-پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلىغان بولسىمۇ، ئوباما بىرمانى زىيارەت قىلدى. ئىككى دۆلەت ئارىسىدا زور كۆلەمدە ئىقتىسادىي، سىياسىي ھەمكارلىق كېلىشىملىرى ئىمزالاندى. گەرچە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى «روھىنگىيالار دۇنيادا ئەڭ ئېغىر زۇلۇمغا ئۇچرىغان مىللەت» دەپ ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئوبامانىڭ بىرما زىيارىتى ئامېرىكا شىركەتلىرى ئۈچۈن بىرما دەرۋازىسىنى كەڭ ئاچقان بولدى. ئىمبارگولارمۇ ئەمەلدىن

قالدى. بەزى تەھلىلچىلەر ئامېرىكىنىڭ بۇ ئىپادىلىرىنى بىرما ھاكىمىيىتىنىڭ مۇسۇلمانلارنى قىرغىن قىلىشقا ئۇچۇن بېرىلگەن ئىنئام دەپ قارىماقتا. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئامېرىكىنىڭ بۇ قېتىمقى مەيداننى بىرمانىڭ كۆچلۈك ئىتتىپاقداشلىرى بولغان ھىندىستان ۋە چىن بىلەن كۆچ سېلىشىشنىڭ قىسمەن ئىپادىلىرى دېگەن قاراشنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ.

مەزكۇر ھادىسىلەرگە 57 دۆلەتتىن تەركىپ تاپقان، يەرشارى بايلىقىنىڭ 30% گە، بىر يېرىم مىليارد نوپۇسقا ئىگە ئىسلام دۇنياسىنىڭ تۇتقان پوزىتسىيىسى، بولۇپمۇ دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ھېسداشلىق قىلىشقا ئەڭ مۇناسىپ بولغان ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ پاسسىپ، سەلبىي مۇئامىلىسى ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرىدۇ. بۇ پوزىتسىيە ھەربىر ئىمانى ئويغاق، ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ قەلبىنى تېنىمسىز تاتىلايدۇ.

بۇ پاجىئەلەرگە قارىتا مالايسىيا، ھىندونوزىيە ۋە بىنگاللارنىڭ تۇتقان پوزىتسىيىسى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ يىغلاشتىن باشقىغا يارىمايدۇ خالاس. مەزكۇر 3 دۆلەت روھىنگىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ پۇتىغا ئەڭ يېقىن دۆلەتلەر بولۇپ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئۇلارنى رەت قىلىشى باشتا دەپ ئۆتكەندەك يۈزلەرچە پاناھلىق ئىزدىگۈچىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان.

يېقىندىن بېرى مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ كۆچلۈك بېسىمى ئاستىدا مالايسىيا، ھىندونوزىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ سىياسىتىدە ئازدۇر-كۆپتۇر ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، بىر قىسىم روھىنگىيالارغا پاناھلىق بەردى. ئەمما سەئۇدىي ئەرەبىستانى ۋە تۈركىيەدىن باشقا ئىسلام دۆلەتلىرى روھىنگىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىغا پۈتۈنلەي بىپەرۋا مۇئامىلە تۇتۇپ كەلگەن بولۇپ، مەزكۇر ئىككى دۆلەتتىن باشقا ھېچقانداق ھۆكۈمەت ئۇلار ھەققىدە ئىپادە بىلدۈرۈپ باقمىدى. تۈركىيە روھىنگىيا مۇسۇلمانلىرىغا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىنسانىي ياردەملەرنى قىلدى. سەئۇدى ئەرەبىستانى مەزكۇر دۆلەتتە قانۇنسىز تۇرۇۋاتقان يۈز مىڭلارچە بىرمىلىق مۇسۇلمانلارغا ئىقامەت بەردى. دىپلوملىرىنى ئېتىراپ قىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بەردى.

بىرما مۇسۇلمانلىرى خەلقئارانىڭ مۇناپىقانە كۆز يۇمۇشى ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ خۇنۇكلۇقى ئارقىسىدا بىرما مۇستەبىت ھەربىي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن خۇددى قۇرت-قوڭغۇز كەبى قىرغىن قىلىنماقتا. قەتلىئام ۋە قىرغىنچىلىق داۋاملىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئەتراپتىكى دۆلەتلەرمۇ پاناھلىق ئىشىكلىرىنى ياپتى. ئۇلارغا ئۆز يۇرتلىرىدا قىرغىن قىلىنىش بىلەن پاناھلىق ئىزدەپ يۇرت-ماكانلىرىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشنىڭ ھېچ پەرقى قالمىدى. خەلقئارا قانۇن، ئىنسان ھەقلىرى، ئەقىدە رىشتىسى، دىنلار ئارا دىئالوگ دېگەنلەردىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. خەلقئارا ۋە دۇنيانىڭ دەھشەتلىك سۈكۈتى ئادەمنى «ئەجەبا ئۇلار ئۈچۈن ئۆلۈمدىن باشقا چىقىش يولى يوقمۇ؟» دەپ سوئال قويۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ.[1]

تەرجىمان ئىلاۋىسى:

ئاپتور بۇ ماقالىدا نۇقتىلىق ھالدا ئەراكان زېمىنىدىكى روھىنگىيا مۇسۇلمانلىرى ھەققىدە توختالغان بولسىمۇ، ئەمما ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارىتا خەلقئارانىڭ قوللانغان سىياسىتى ۋە دۇنيا ۋەزىيىتى ئاساسەن ئوخشاشلىققا ئىگە. ماقالىدا تىلغا ئېلىنمىغان نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىمۇ روھىنگىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن يەڭگىل ئەمەس. دۇنيادا بولۇۋاتقان زۇلۇم ۋە ئېزىشلەر پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا پۈتۈن دۇنيا ۋە خەلقئارا سۈكۈتتە تۇرماقتا... بۇ ماقالە بىزگە روھىنگىيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىدىن ئۇچۇر بېرىش بىلەن بىرگە، ئىسلامىي كىملىك ۋە ئىسلامىي مەۋجۇتلۇق توغرىسىدا پايانسىز ئويلارغا ئەسىر قىلىدۇ...

---

[1] http://islammemo.cc/Tahkikat/2015/05/23/247149.html

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

ئابدۇللاھ ئۆچقۇن

زامانىمىزدىكى بارلىق ئىسلام دۆلەتلىرى زوراۋان كۈچلەرنىڭ ھەرخىل بېسىملىرى ئالدىدا چارىسىزلىق بىلەن تىز پۈككەن ھالدا ياشىماقتا. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا نەزەر سالغان ھەرقانداق غۇرۇرلۇق بىر مۇسۇلمان بۇ رېئاللىققا ئېچىنماي تۇرالمايدۇ. كۆپىنچە مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى ئۇنتۇغان، توغرا ئەقىدە ـ ئېتىقادىدىن، ئۆزلىرىنىڭ قىممەتقاراشلىرىدىن چەتنىگەن، ئىجتىمائىي جەھەتتىن چېرىكلەشكەن، ئىسلام ئەخلاقىدىن يىراقلاشقان، يات مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ھالدا ياشىماقتا. بەزىلەر بۇ ئاچچىق رېئاللىققا باش ئەگكەن ھالدا توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىۋاتقان بولسا، يەنە بەزىلەر ئۆز ئالدىغا ھەرتۈرلۈك نامۇۋاپىق چىقىش يوللىرى ئىزدەش ئارقىلىق توغرا يولدىن ئېزىپ كېتىۋاتماقتا. مۇشۇنداق ئەھۋالدا توغرا يول ئۈستىدە مۇستەھكەم قەدەم تاشلىغان ھالدا ئالغا ئىلگىرىلىمەكچى بولغان ھەرقانداق بىر دەۋەتچى بولۇۋاتقان ئەھۋاللارنى توغرا ئانالىز قىلىپ، ھەربىر ئەھۋالغا قارىتا توغرا چىقىش يولى تاللىشى ۋە ھېچقاچان ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىقى لازىم.

ئاللاھ تائالا ھەرخىل مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن ھەرخىل ئېرق ۋە مىللەتلەردىن تەركىپ تاپقان، تىلى ۋە ھەتتا رەڭگى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەرخىل كىشىلەرنى تەۋھىد ۋە ئىماندىن ئىبارەت مۇستەھكەم ئاساسلار ئۈستىدە بىرلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىنى، كىتابىنى، قىبلىسىنى، ئىبادەتلىرىنى، تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرۈشنى ۋە ئۇلارنى ئىسلام ئۈممىتىدىن ئىبارەت چوڭ بىر نام ئاستىغا بىرلەشتۈرۈپ، بۇ دۇنيادا سىناپ كۆرۈشنى ئىرادە قىلغان.

ئىسلام دۇنياسى دۇنيادىكى بارلىق ئىسلام دۆلەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، مەيلى ئۇ دۆلەتلەر ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى زامانىدىكىگە ئوخشاش بىرلا بايراق ۋە بىرلا ھاكىمىيەت ئاستىغا جۇغلاشقان بولسۇن ياكى زامانىمىزدىكىگە ئوخشاش نەچچە ئونلىغان دۆلەتلەرگە پارچىلىنىپ كەتكەن بولسۇن، يەنىلا ئىسلام دۇنياسى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسلام ئۈممىتى بولسا ئىسلام دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان ۋە دۇنيانىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىدىكى مۇسۇلمان بولمىغان ئەللەردە ئازسانلىق مۇسۇلمانلار سۈپىتىدە ياشاۋاتقان بارلىق مۇسۇلمانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئايرىلماس

پارچىسى ھېسابلىنىدۇ.

خەلقئارا ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا 57 ئىسلام دۆلىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلام دۇنياسىغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، قەدىم دۇنيانىڭ (ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپا) مەركىزىگە جايلاشقان ئىسلام دۇنيا چېگرىسى ھىندونېزىيە تەۋەلىكىدىكى ئىريانا ئارىلىدىن باشلاپ سېنىگال تەۋەلىكىدىكى يېشىل ئارالغىچە تۇتىشىدۇ. شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئۇزۇنلىقى 20 مىڭ كىلومېتىر، شىمالدىن جەنۇبقىچە بولغان كەڭلىكى 7 مىڭ كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ كەڭ زېمىننىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى32 مىليون كۋادرات كىلومىتېر بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك ھەرخىل ئالاھىدىلىكلەرنى ۋە بايلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 ـ قۇرۇقلۇقتا: دۇنيانىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەيدانلاردىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك مەركەزلىرى بىلەن بىرگە، شەرقتە مالايا ئارىلىدىن باشلىنغان، غەربتە ئىسپانىيە، جەنۇبتا تانزانىيە ۋە شىمالدا قازاقىستانغىچە داۋام قىلىدىغان ئىنتايىن كەڭ تۈزلەڭلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2 ـ دېڭىزدا: شىمالى ئارال تاغلىرىدىن باشلاپ جەنۇبتا موزامبىك تاغلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئوتتۇرا ئاق دېڭىز، قىزىل دېڭىز، ئەرەب دېڭىزى، پارس قولتۇقى، قارا دېڭىز، بىنگال دېڭىزى، مالايسىيا شەرقىدىكى جەنۇبى چىن دېڭىزى، غەربى ئافرىقا تەۋەلىكىدىكى ئاتلانتىك ئوكيان قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ

3 ـ مۇھىم دېڭىز بوغۇزلىرىغا كەلسەك: ئاق دېڭىز بىلەن ئاتلانتىك ئوكيان ئارىسىدىكى جەبەل تارىق بوغۇزى، ئوتتۇرا ئاق دېڭىز بىلەن شەرقىي ئاق دېڭىز ئارىسىدىكى بەنزىت بوغۇزى، ئاق دېڭىز ۋە قارا دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى داردانىل ۋە بوسپورۇس بوغۇزلىرى، قىزىل دېڭىز بىلەن ئوتتۇرا ئاق دېڭىز ئوتتۇرىسىدىكى سۇۋەيش بوغۇزلىرى، يەمەندىكى ئەرەب دېڭىزى بىلەن ھىند تىنچ ئوكيان ئارىسىدىكى مەندەپ بوغۇزى ، ئۇمماندىكى ئەرەب دېڭىزى بىلەن ھىند تىنچ ئوكيان ئارىسىدىكى ھورمۇز بوغۇزى ، تىنچ ئوكيان ۋە جەنۇبى چىن دېڭىزى بوغۇزى ، مالقا ۋە سىنگاپور بوغۇزى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

4 ـ مۇھىم دەريالار: نىل دەرياسى، كونگو، نىگىر، مەلەۋىيە، سۇس، دەجلە، پۇرات، سىند، سەيھۇن، پىنچ، سىر، لىتانى ۋە ئامۇ دەريالىرىدىن ئىبارەت.

5 ـ تېرىلغۇ زېمىنلار: كەڭلىكى 3مليون 500مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان زېمىننىڭ ئاساسلىق زىرائەت تۈرلىرى: ئارپا، بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ، ھەرخىل كۆكتاتلار، مېۋە ـ چېۋىلەر، ياغ ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان نوقۇت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، ئىسلام دۇنياسىنىڭ چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ۋە باشقا مەھسۇلات تۈرلىرى ۋە مىقدارى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، دۇنيادا ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

7 ـ ئىسلام دۇنياسى تەۋەلىكىدىكى مەدەن بايلىقلىرىغا كەلسەك: فوسفور، كۆرۈمىي، تۆمۈر، ئالىيۇمىن ۋە ماگنىي قاتارلىق ئونلارچە تۈرلۈك يەر ئاستى بايلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋەلىكنىڭ تەبىئىي گاز زاپىسى دۇنيا زاپىسىنىڭ يۈزدە 53 پىرسەنتىنى ۋە دۇنيا نېفت زاپىسىنىڭ يۈزدە 75 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيا نېفت مەھسۇلاتىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ.

8 ـ سانائەتتە تەرەققىي قىلغان غەرب ئەللىرى، كۆپىنچە خام ماددىلىرىنى ئىسلام دۇنياسىدىن تەۋەلىكىدىن ئەرزان باھاغا سېتىۋېلىپ ئۆز دۆلەتلىرىگە ئىمپورت قىلىدۇ. ئىشلەپ چىقارغان بارلىق سانائەت بۇيۇملىرىنى يۇقىرى باھا بىلەن يەنە ئاشۇ ئىسلام دۇنياسىغا ئېكسپورت قىلىدۇ. دېمەك، ئىسلام دۇنياسى ئۇلار ئۈچۈن بىر تەرەپتىن ئەڭ ئەرزان باھادا خام ماددا تەمىنلىگۈچى مەنبە ھېسابلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىر يېرىم مىليارد نوپۇسقا ئىگە مۇھىم ئىستىمال بازىرى ھېسابلىنىدۇ.

غەرب ئەللىرى ئىسلام دۇنياسىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ بازارنى قولدىن بەرمەسلىك ۋە ئۇنىڭ يەر ئاستى بايلىقلىرىدىن تېخىمۇ كۆپ پايدىلىنىش

ئۈچۈن بارلىق ئىسلام دۆلەتلىرىنى ھەرتۈرلۈك بېسىم، كېلىشىم ۋە يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرزلەرگە بوغۇش ئارقىلىق سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مەيدانلاردا ئۆزلىرىگە بېقىندى ھالەتتە ياشاشقا مەجبۇرلاپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئۆز ئارىسىدا مۇستەھكەم بىرلىك تۇرغۇزۇشقا قادىر بولالمىغان ئىسلام دۇنياسى چارىسىزلىك ئىچىدە رەقىبلىرىگە تەسلىم بولۇش ئارقىلىق ئېزىلىپ ۋە بوزەك قىلىنىپ كەلمەكتە. دۇنيادىكى سوغۇق ئۇرۇشلار توختىغاندىن كېيىن دۇنيانىڭ ئىستىپلا شەكلى ئۆزگىرىپ، قوراللىق بېسىمنىڭ ئورنىنى ئىقتىسادى بېسىملار، قەرزلەر ۋە خەلقئارالىق كېلىشىملەر ئالغاندىن بۇيان غەيرى ئىسلام ئەللىرى، ئىسلام دۇنياسىغا تەۋە دۆلەتلەرگە بېسىم ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆزلىرى سىزغان سىزىققا كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە دېگەنلىرىنىڭ ھەممىنى ئۇلارغا مەجبۇرى تېڭىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك شۇنچە كۆپ ئالاھىدىلىكلەر ۋە بايلىقلارغا ئىگە ئىسلام دۇنياسى ئۆزلىرىنىڭ ئىمكانىيەتلىرىنىڭ ھېچبىرىنى قارشى تەرەپكە بېسىم قىلىپ ئىشلىتىشكە قادىر بولالماي كەلمەكتە.

ئىلگىرىكى زامانلاردا ئىسلام دۇنياسى بىلەن غەرب دۇنياسى ئارىسىدا ھەمكارلىق ۋە بىلىم ئالماشتۇرۇش بار ئىدى، ئەمما ئۇ ۋاقىتتا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز كىملىكى بار ئىدى. بىر-بىرىنىڭ كىملىكىگە ھۆرمەت ئېھتىراممۇ بار ئىدى. لېكىن كېيىنكى دەۋرلەردە پەن-تېخنىكا تەرەققىي قىلىپ دۇنياۋىيلىشىش ۋە غەرب مۇستەملىكچىلىكى ئەۋج ئالغاندىن بۇيان قىممەتقاراشلار ئاجىزلىشىشقا باشلىدى، غەربنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ئاشتى. ھەرخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق باشقىلارنى ئېزىش، ئۇلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش، ئۇلاردىن پايدىلىنىش ۋە ئۇلارنى سۈيئىستىمال قىلىش ھەرىكىتى باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇستەملىكە ئاستىدىكى مىللەتلەرنىڭ قىممەت قاراشلىرىغا ھۆرمەت قىلماسلىق، يول قويماسلىق بەلكى ئۇلارنىڭ قىممەتقاراشلىرىنى تەلتۆكۈس يوق قىلىۋېتىش مۇمكىن بولىدىغان بىر نەزەرىيە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئىسلام دۇنياسى بىلەن غەيرى ئىسلام ئەللىرى ئارىسىدىكى سۈركىلىشكە سەۋەبچى بولۇۋاتقان ئامىللاردىن بىرى كىملىك مەسىلىسى بولۇپ، مۇسۇلمان بولمىغانلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامى كىملىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىق بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغىمۇ ھۆرمەت قىلمايۋاتىدۇ.

يېقىندىن بۇيان پۈتۈن غەرب دۇنياسى ئاتالمىش تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش باھانىلىرى بىلەن بارلىق تەھدىتلىرىنى ۋە ھۇجۇملىرىنى ئىسلام ئۈممىتىگە قارىتىشقا باشلىدى. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى رىياسەتچىلىكىدىكى غەرب ئەللىرىنىڭ ئىسلام ئۈممىتىگە قاراتقان ھۇجۇملىرى، مۇسۇلمانلارنى خالىغانچە ئېزىش ۋە بوزەك قىلىش ۋە ھەتتا قىرغىن قىلىش يولىدا باشقىلارغا ئۈلگە بولدى.

تېررورىزم ۋە تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىگە كەلسەك، تېررورلۇق ھەرىكىتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئۇنىڭ ئۇقۇمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەركىم ئۇنى ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى بويىچە چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. پەلەستىنگە ئوخشاش تارتىۋېلىنغان زېمىنىنى قايتۇرۇپ ئېلىش، دەپسەندە قىلىنغان ھەق-ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى تېررورلۇق ھېسابلىنىدىغان بولسا، ئۆز زامانىدا جورج ۋاشىنگتونمۇ ئامېرىكانى ئەنگلىيە ئىستىبلاسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئوخشاش ھەرىكەت قىلغان ئىدى. ھۇشمىن ۋېتنام ئۇرۇشىغا رىياسەتچىلىك قىلغان ئىدى. نېلسون ماندېلا جەنۇبى ئافرىقىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان ئىدى. ئەھمەد بىن بالا ئالجىرىيەنى فرانسىيە ئىستىبلاسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان ئىدى. ئۇنداقتا بۇلارنىڭ ھەممىسى تېررورىست دېيىلىشى كېرەك ئىدىغۇ؟!

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا كۆپ سانلىق ئاۋاز بىلەن ماقۇللانغان قارارلارنى رەت قىلغان ئىسرائىلىيە رەھبەرلىرى تېررورىست ئېلان قىلىنمايدۇ. ئىسرائىلىيەنىڭ تېررورلۇق

بومباردىمانلىرىنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى تېررورىست دەپ ئېلان قىلىنمايدۇ، نەچچە يۈز مىڭ سۇرىيەلىكنىڭ قىرغىن قىلىنىشىغا سەۋەبچى بولغان بەششار ئەسەد تېررورىست دەپ ئېلان قىلىنمايدۇ، ئەمما ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئۆز خەلقىنىڭ تارتىۋېلىنغان ھەق-ھوقۇقىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغانلارنىڭ ھەممىسى تېررورىست دەپ ئېلان قىلىنىدۇ. مىسىردا قانۇنلۇق سايلام ئارقىلىق سايلانغان دۆلەت رەئىسىگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلغانلار تېررورىست ھېسابلانمايدۇ، ئەمما مەزكۇر قانۇنلۇق رەئىسنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى قوغدىماقچى بولغانلار تېررورىستلار دەپ ئېلان قىلىنىدۇ. دېمەك، ياۋروپا ئەللىرى ۋە غەرب نەزىرىدە ئۇلارنىڭ سىياسىي غەرەزلىرىگە ئېتىراز يەتكۈزگەنلەرنىڭ ھەممىسى تېررورىستلار بولغاندەك، باشقا ھەرقايسى دۆلەتلەرمۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي غەرەزلىرىگە ۋە مەنپەئەتلىرىگە ئېتىراز يەتكۈزگەنلەرنى تېررورىستلار ھېسابلايدۇ.

14 ئەسىرلىك ئىسلام تارىخىنىڭ ئاساسلىق غەلىبىلىرى ۋە ئۇتۇقلىرى توغرا ئەقىدە، بىرلىك-باراۋەرلىك ۋە ئەدلى-ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ۋە ئىسلامىي پىكىر-تەپەككۇرنىڭ ئومۇملىشىشىدا ھەمدە تىلى، رەڭگى ۋە ياشىغان مۇھىتى بىر-بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ھەرخىل مىللەتتىن تەركىب تاپقان كىشىلەرنىڭ بىرلا ئەقىدە ۋە بىرلا مەدەنىيەت ۋە بىرلا تەسەۋۋۇردا بىرلىشەلىشىدە نامايەن بولىدىغان بولۇپ، قوراللىق ئۇرۇشلاردىكى مەغلۇبىيەتلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىرادىسىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرگەنلىكىنى كۆرگەن دىن دۈشمەنلىرى، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىنى ۋە پىكىر-ئەپكارىنى باشتىن باشلاپ ئۆگىنىش ۋە چۈشىنىش ئارقىلىق، مۇسۇلمانلارنىڭ پىكىر-ئەپكارىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى.

ئەڭ ئاۋۋال ئۇلار قۇرئان كەرىمنى، ھەدىس كىتابلىرىنى ۋە بارلىق ئىسلامى ئەسەرلەرنى لاتىنچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەرقشۇناسلار[1]نى يېتىشتۈردى، كېيىنچە ئۇلار ئىسلام تەلىماتىغا ۋە ئىسلام ئۈممىتىگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارغا قارشى پىكرىي مەيدانلاردىكى جەڭنى، تەرەققىياتقا ۋە يۈكسىلىشكە يۈزلىنىش شوئارى ئاستىدا باشلىغان بولۇپ، ئاخىرىدا ئىسلامنىڭ ئاساسى روھىنى خۇراپاتلىق دەپ تەسۋىرلىدى.

پىكرىي مەيدانلاردىكى ھۇجۇمنىڭ ئاساسى، بۇزۇق پىكىر-ئەپكار ئىجاد قىلىش، ھەرخىل ھىيلە-مېكىر ئىشلىتىش، سۆزلەرنى بۇرمىلاش ئارقىلىق شۈبھە پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ يوللار بىلەن قوراللىق ئۇرۇشلار ئارقىلىق يېتەلمىگەن غەرەزلىرىگە يېتىشتى.

يېڭى زاماننىڭ ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىستېلاسى پىكرىي ئىستېلادىن ئىبارەت بولۇپ، ئىسلام دۇنياسى ۋە ئىسلام ئۈممىتى مۇشۇ پىكرىي ئىستېلانىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماقتا. پىكىر قىلىش ۋە پىكرىي مەيدانلاردا كۆپ ئىزدىنىش، ھەرقانداق بىر جامائەت ۋە ئۈممەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە باشقا بارلىق مەيدانلاردا تەرەققىي قىلىپ يۇقىرىغا يۈكسىلىش ۋە يا ئارقىغا چېكىنىشى يولىدا مۇھىم رول ئوينىغاندەك، ئۇنىڭ بىرلىكىنى ۋە بارلىقىنى ساقلاپ قىلىش يولىدىمۇ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئىستېلاچى كۈچلەر بىر تەرەپتىن ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىغا ھۇجۇم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ قەلبىگە ئۈمىدسىزلىك پىكرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. مۇستەملىكىدىن قۇتۇلۇشقا چاقىرىدىغان پىكىر ۋە كۆز-قاراشلارنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغان شېرىن خىيالدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆز داۋالىرى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكۈچلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئىستېلاچىلار ھەقلىق داۋالىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچىلارنى ئۆز خەلقىدىن

[1] مۇسۇلمان ئەمەس ئەمما ئىسلام دىنىي مەكتەپلىرىدە بىلىم ئىگىلىگەن كىشىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزاقلاشتۇرۇش بىلەن بىرگە ئۇلارنى تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن مەھرۇم قىلدۇ. ئامما كۆپلەپ تەتۈر تەشۋىقات تارقىتىش ئارقىلىق خەلقنى ئۇلاردىن نەپرەتلەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. بىرەر غايە ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا تىرىشىۋاتقانلار ئۈچۈن ئۆز خەلقىدىن كەلگەن زەربە ئەڭ ئېغىر بىلىنىدۇ. ئىستىپلاچىلار مانا مۇشۇ يوللار ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ روھىنى چۈشۈرۈشكە ۋە ئۈممەتنىڭ ئىرادىسىنى ئاجىزلىتىشقا تىرىشىدۇ.

غەرب ئەللىرىنىڭ پىكرىي مەيدانلاردا ئىسلام دۇنياسىغا قاراتقان ھۇجۇملىرى 19-ئەسىرنىڭ يېرىمىدىن كېيىن ئالاھىدە كۈچەيگەن بولۇپ، خرىستىيان دىنىنى تەرەققىي قىلىۋاتقانلار دىنى، ئىسلام دىنىنى بولسا ئارقىدا قالغان خۇراپىيلار دىنى قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشتى. بەزى ئىمانى ئاجىز مۇسۇلمانلار باشقا مۇسۇلمانلارنى ياۋروپا مەدەنىيىتىدىن ۋە پىكىر-ئەپكارىدىن پايدىلىنىشقا چاقىرىدىغان ئەھۋال پەيدا بولدى.

جامالىدىن ئافغانى، مۇھەممەد ئابدۇھ ۋە مۇھەممەد رەشىد رىزاغا ئوخشاش ئويغاق مۇسۇلمانلار چىقىپ، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى ئارىدىكى مەزھەب ۋە باشقا ئىختىلاپلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ غەربكە قارشى بىرلىشىشكە ۋە بىرلىك سەپنى كۈچەيتىشكە چاقىردى. ئەمما ئۇلارنىڭ دەۋەتلىرىنىڭ تەسىرى يەنىلا غەرب كۈچلىرى تەرىپىدىن قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىدى. ئەينى ۋاقىتتا ھىندىستاندىكى ئىسلاھاتچى ئالىم ۋە شائىر ئەللامە مۇھەممەت ئىقبالنىڭ جانلىق جامائەت ۋە كۈچلۈك بىرلىك تۇرغۇزغان ھالدا ئىسلام دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇش پىكىرلىرىمۇ ناھايىتى زور تەسىر قوزغىغان بولۇپ، 1947-يىلىغا كەلگەندە پاكىستان دەيدىغان بىر ئىسلام دۆلىتى بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مىسىردىن ھەسەن بەننا پاكىستاندىن ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدى، ئالجىرىيەدىن شەيخ ئابدۇلھەمىدكە ئوخشىغان كۆپلىگەن ئالىملار غەربنىڭ پىكرى مەيدانلىرىدىكى ھۇجۇملىرىغا قارشى تۇرۇشقا تىرىشتى.

ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى ئۈممەتنىڭ پارچىلىنىشى ۋە ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللارنى تۆۋەندىكىچە يەكۈنلىگەن:

1. ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى ھەقىقىي مەسئۇلىيەتنى ھېس قىلىشتىكى كەمچىللىك.

2. ئىسلام ئۈممىتى ئارىسىدا ئېنىق ۋە روشەن بىر خىل تەسەۋۋۇرنىڭ ئومۇملاشماسلىقى.

3. مەزھەپ ۋە جامائەتچىلىك مۇتەئەسسىپلىكى.

4. مىللەتچىلىك ۋە ئىرقچىلىق مۇتەئەسسىپلىكى.

5. ھەقىقىي بىرلىككە چاقىرىدىغان پىكىرلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشى ۋە پارچىلىنىشقا سەۋەبچى بولىدىغان ئامىللارنىڭ ئىنچىكە تەتقىق قىلىنماسلىقى.

6. شەخسىي پايدا-مەنپەئەتلەرنىڭ ئومۇمى مۇسۇلمانلار پايدا-مەنپەئەتلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلۇشى.

7. مەنسەپ ماجىراسى ۋە سىياسىي ئويۇنلار.

8. ئىسلام پېشۋالىرىنىڭ ھاۋايى-ھەۋەس ۋە كۆڭۈل خاھىشىغا بېرىلىپ كېتىشى.

9. دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە-مىكىر ئويۇنلىرىغا ئالدىنىش ۋە ئۇلارنىڭ مەسلىھەتلىرىنى قوبۇل قىلىشى.

10. دۈشمەن ئالدىدا ئىچكى جەھەتتىن مەغلۇبىيەت ھېس قىلىشى.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا: ئىسلام ئۈممىتى ئارىسىدىكى پىكرىي ۋە ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ كۆپىنچىسى ھەر تۈرلۈك قالايمىقانچىلىقلارغا، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى پارچىلىنىشلارغا، قانلىق ئىچكى ئۇرۇشلار ۋە جېدەل ماجىرالارنىڭ داۋام قىلىشىغا، بىلىمسىزلىكنىڭ ئومۇملىشىشىغا سەۋەبچى بولۇپلا قالماستىن، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا ۋە ئىسلام ئۈممىتىگە خالىغانچە زۇلۇم قىلىشىغىمۇ يول ئاچماقتا.

—— داۋامى كېيىنكى ساندا...




### 11 ـ ئەرەب تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس تەركىبلىرىدىن «**عَطْف تَفْسِيرْ وَاِسْتِثْنَاء**»لارنى تەرجىمە قىلىش ماھارىتى

«**عَطْفِ تَفْسِيرْ**» دېگەندە جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىنى ئارقىمۇ ـ ئارقا تەپسىرلەپ بېرىدىغان مەنىداش سۆزلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ھەر قايسى بۆلەكلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئاساسەن خەۋەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

ئەرەب تىلىدا بەزىدە بىر ئىگە ئۈچۈن بىر نەچچە مەنىداش پېئىللار قاتارى خەۋەر بولۇپ كېلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا تەرجىمىنىڭ راۋان، ئېنىق بولۇشى ئۈچۈن شۇ پېئىللارنىڭ مەنە جەھەتتە ئەڭ جانلىق، كونكرېت بولغان بىرىنى تاللاپ ئېلىپ تەرجىمە قىلسا بولىدۇ.

ئەگەردە مەنىسى دېگەندەك تولۇق ئىپادىلەنمەيدىغان بولسا ئۇنىڭغا «بارلىق، پۈتۈنلەي، تامامەن، ناھايىتى بەك» دېگەندەك قوشۇمچىلارنى قوشۇپ تەرجىمە قىلسا بولىدۇ.

مەسىلەن: **فَالْقُرْاَنُ قَدْ اَنْشَأَ لِلْعَرَبِ نَشْأَةً مُسْتَأْنِفَةً وَخَلَقَهُمْ خُلْقًا جَدِيْدًا وَأَخْرَجَهُمْ مِنْ جَزِيْرَتِهِمْ وَالسَّيْفُ فِى إِحْدَى الْيَدَيْنِ وَالْكِتَابُ فِى الْأُخْرَى يَفْتَحُونَ وَيُسَوِّدُونَ وَيَتَمَكَّنُونَ فِى الْأَرْضِ بِطُوْلِهَا وَعِرْضِهَ**

«قۇرئان كەرىم ئەرەبلەرگە يېڭى ھاياتى كۈچ ئاتا قىلدى، ئۇلارنى قايتا تىرىلدۈردى. ئۇلارنى بىر قولىدا قۇرئان بىر قولىدا قىلىچ تۇتقان ھالدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ھالقىپ چىقىپ غايەت كەڭ زېمىندا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشكە مۇيەسسەر قىلدى.»

ئاستى سىزىلغان «**عَطْفِ تَفْسِيرْ**» سۆزلەر مەنىداش ياكى بىر ـ بىرى بىلەن سەۋەب ـ نەتىجىلىك مۇناسىۋەتتى بار پېئىللار بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى «ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈش» دېگەن بىرلا پېئىلغا يىغىنچاقلاپ تەرجىمە قىلىندى.

ئۇيغۇر تىلىدا تەڭداش ئىپادە شەكلى مەۋجۇت بولغان ئەھۋالدا «**عَطْفِ تَفْسِيرْ**»لەرنى مۇمكىنقەدەر سۆز تاللاپ ئەينەن تەرجىمە قىلىش تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ. لېكىن جۈملە بەك ئۇزىراپ تەرجىمىنىڭ راۋان ۋە ئېنىقلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان دەرىجىدە بولسا، يۇقىرىقى قائىدە بويىچە ئىخچاملاپ راۋان، چۈشىنىشلىك قىلىپ تەرجىمە قىلسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«اِسْتِثْنَاءُ» ئەرەب تىلىنىڭ ئۆزگىچە تەركىبلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ جۈملىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتنى ياكى ھەرىكەت ئوبيېكتىنى چەكلەش ۋە ئۇنىڭ قەتئىيلىكىنى ئاشۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇنى تەرجىمە قىلىشتا ئاۋۋال ئىگە، خەۋەر قاتارلىق ھەر قايسى جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورنىنى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، چەكلەش يۆنىلىشىگە قاراپ ئۇيغۇر تىلىدىكى چەكلىگۈچى قوشۇمچىلار «پەقەتلا، لا... پەقەت... نىلا»... دېگەنلەرنىڭ بىرەرىنى قوشۇپ تەرجىمە قىلسا بولىدۇ.

مەسىلەن: مَاعَجِزْتُ إِلاَّ اَمَامَ مَنْ قَالَ مَنْ أَنْت «مەن پەقەت «سىز كىم؟» دەپ سورىغان كىشىنىڭ ئالدىدىلا ئاجىزلىق قىلىمەن.»

مَا اَخْشَى عَلَى الْمُسْلِمِيْنَ إِلَّا مِنَ الْمُسْلِمِيْنَ «مەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەقەت مۇسۇلمانلاردىنلا ئەندىشە قىلىمەن.»

﴿وَمَاتَفَرَّقَ الَّذِيْنَ أُوتُوا الْكِتَابَ إِلَّا مِنْ بَعْدِ مَاجَائَتْهُمُ الْبَيِّنَةُ﴾ «ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىگە روشەن دەلىل كەلگەندىن كېيىنلا ئىختىلاپ قىلىشتى.» (قۇرئان كەرىم)

## 12–اَلْحَال (ھال) وَالتَّمِيْزُ (تەمىز)نى تەرجىمە قىلىش ماھارىتى

ھال ـ سۈپەتلەنمە ئىسىم (صَاحِبُ اَلْحَالِ)نىڭ ئىش ـ ھەرىكەت يۈز بەرگەندىكى ھالىتى ياكى سىرتقى قىياپىتىنى بىلدۈرىدۇ. ھال ئىككى خىل بولىدۇ.

(1) يەككە ھال(حَالٌ مُفْرَدٌ) بۇنىڭ ئورنى قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تەرجىمىدە خەۋەرنىڭ ئالدىدىلا تەرجىمە قىلىنىدۇ .

مەسىلەن: ﴿فَأَصْبَحَ فى اَلْمَدِيْنَةِ خَائِفًا يَتَرَقَّبُ﴾ «مۇسا ئەتىسى ئەتىگەندە خەۋپسىرىگەن ھالدا ئەتراپقا قاراپ شەھەر ئارىلاپ يۈرەتتى.»

(2) جۈملە ھال (اَلْجُمْلَةُ الْحَالِيَّةُ) جۈملە ھالمۇ يەككە ھالغا ئوخشاش ئۆزى ئىنىقلاپ كەلگەن ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئالدىدا تەرجىمە قىلىنىدۇ.

مەسلەن: {إِذَا دَعَا الرَّجُلُ إِمْرَأَتَهُ إِلىَ فِرَاشِهِ فَأَبَتْ فَبَاتَ وَهُوَ غَضْبَانُ عَلَيْهَا لَعَنَتْهَا اَلْمَلاَئِكَةُ حَتَّى تُصْبِح} «ئەر بىرگە بولۇشنى تەلەپ قىلسا، ئايالى رەت قىلسا، ئەر ئاچچىقلانغان ھالدا يېتىپ قالسا، مالائىكىلەر تاڭ ئاتقىچە ئايالغا لەنەت ئېيتىپ چىقىدۇ.» (ھەدىس شەرىف)

«اَلتَّمْيِيزُ» ئۆزىنىڭ ئالدىدا كەلگەن مەۋھۇم سۆز ۋە مۇجمەل مەنىلەرنى ئېنىقلاش ئۈچۈن كەلگەن ئىسىم بولۇپ، بايان قىلىنغۇچى ئىسمىنى «الْمُمَيَّزُ» (ئېنىقلانغۇچى) دېيىلىدۇ. بۇ ئاساسەن كۆپرەك «اِسْمُ التَّفْضِيْلِ» (ئارتتۇرما ئىسىم)لاردىن كېيىن كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن يۇغۇرۇپلا تەرجىمە قىلىنىدۇ. مەسىلەن: {أَعْظَمُ النِّسَاءِ بَرَكَةً أَيْسَرَهُنَّ مَؤُنَةً} «ئەڭ بەرىكەتلىك ئايال چىقىمى يەڭگىل بولغان ئايالدۇر.»

ھال ۋە تەمىزنى مۇنداق تەرجىمە قىلىشقىمۇ بولىدۇ:

وَيُخَيَّلُ إِلَيَّ اَنَّ فَرِيْقًا مِنْكُمْ يَقُوْلُ : إِنَّ اَلْفَرَحَ أَعْظَمُ مِنَ التَّرَحِ فَيُعَارِضُهُ فَرِيْقٌ آخَرُ قَائِلاً " كَلَّا بَلِ التَّرَحُ أَعْظَمُ مِنَ الْفَرَحِ أَمَّا اَنَاَ فَالْحَقُّ أَقُوْلُ لَكُمْ : إِنَّهُمَا تَوْأَمَانِ لَايَنْفَصِلَانِ يَأْتِيَانِ مَعًا وَيَذْهَبَانِ مَعًا فَإِذَا جَلَسَ أَحَدُهُماَ مُنْفَرِدًا اِلىَ مَائِدَتِكُمْ فَلاَيَغْرِبُ عَنْ أَذْهَانِكُمْ اَنَّ رَفِيْقَهُ يَكُوْنُ حِيْنَئِذٍ مُضْطَجِعًا عَلىَ اَسِرَّتِكُمْ

بەزىڭلار «ھەسرەتتىن شادلىق كۆپ بولىدۇ» دېسەڭلار، يەنە بەزىڭلار «ياق شادلىقتىن ھەسرەت كۆپ بولىدۇ» دەپ تالىشۋاتقاندەك قىلىسىلەر. مەن دەيمەن، ئۇلار قوشكېزەك، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. بىرگە كېلىدۇ، بىرگە كېتىدۇ. بىرسى يالغۇز داستىخىنىڭلاردا ئولتۇرغاندا ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، يەنە بىرى كارۋىتىڭلاردا يانپاشلاپ ياتقان بولىدۇ.[1]

[1] جىبران خەلىل جىبران «دانىشمەن» 100 ـ بەت

### 13 ـ «لَيْتَ»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلىش ماھارىتى

«لَيْتَ» ئەمەلگە ئېشىشتىن پەقەت ئۈمىد بولمىغان ئىشلارغا قارىتا ئارزۇ-ئارمانىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ تۈردىكى جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلغاندا يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكنى جۈملە ئىددىيىسىدە چوقۇم ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك.

مەسىلەن: **لَيْتَ الشَّبَابَ يَعُوْدُ**

كاشكى ياشلىق قايتىپ كەلسە ئىدى.

«لَيْتَ» ئۇزۇن جۈملىلەر ئىچىدە كەلسە مۇنداق تەرجىمە قىلىنىدۇ:

**نَائَتْ رُوْحِيْ بِعِبْءِ ثِمَارِهَا النَّاضِجَةِ ، نَائَتْ رُوْحِي الْمُثْقِلَةِ بِثِمَارِهَا، مَنْ ذَا الَّذِيْ يَأْتِي الآنَ فَيَقْتَاتُ وَيَشْبَعُ؟ نَائَتْ رُوْحِي لِتُفِيْضَ بِخُمْرَتِهَا، مَنْ ذَا الَّذِيْ يَسْتَقِي الآنَ وَيَعْتَسِي ويُبَرِّدُ مِنْ رَمْضَاءِ الصَّحَراءِ ؟ لَيْتَنِيْ كُنْتُ شَجَرَةً لَازَهْرَ لهَاَ وَلَاثَمَرَ. فَإِنَّ عِنَاءَ الْغَصبِ أَمَرُّ مِنَ الْقَحَطِ، وَعَذَابَ الْمُوْسِرِ الَّذِيْ لَايَجِدُ مَنْ يَأْخُذُ مِنْهُ أَكْبَرُ مِنْ عَذَابِ الْمُتَسَوِّلِ الَّذِيْ لاَيَجِدُ مَنْ يُعْطِيْهِ لَيْتَنِي كُنْتُ بِئْرًا نَاضِبَةً جَافَّةً وَالنَّاسُ يُلْقُوْنَ بِيَ الأَحْجارَ فَإِنَّ ذَالِكَ أَجْدَى وَأَخَفُّ حِمْلًا مِنْ أَنْ أَكُوْنَ يَنْبُوْعَ مَاءٍ حَيٍّ يَمُرُّ بِهِ النَّاسُ وَلَا يَشْرَبُوْنَ لَيْتَنِي كُنْتُ قَصَبَةً يَدُوسُّهَا الْمَارَّةُ بِأَقْدَامِهِمْ .فَإِنَّ ذَالِكَ خَيْرٌ مِنْ أَنْ أَكُوْنَ عُوْدًا ذَا أَوْتَار فِضِّيَّةٍ فِيْ بَيْتٍ لَيْسَ لِصَاحِبِهِ أَنَامِلٌ وَأَوْلَادُهُ صُمٌّ.**

روھىم مەي باغلىغان مېۋىلەرنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئىڭراپ، شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي زارلانماقتا. كىملەر كېلىپ بۇ مېۋىلەردىن بەھرىمەن بولار؟ روھىم مېۋە شەربەتلەرگە تولۇپ تاشتى، بۇنى كىملەر ئىچەر؟ قاقاس چۆللەردىن كىملەر كېلىپ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كېتەر؟ مەن چېچەكلىمەيدىغان، مېۋىمۇ بەرمەيدىغان قاقشال دەرەخ بولۇپ قالسامچۇ كاشكى... مەمۇرچىلىق ئازابى قەھەتچىلىك ئازابىدىن يامان ئىكەن. بېرىدىغان ئادەم تاپالمىغان قەلەندەرنىڭ ئازابىدىن ئالىدىغان ئادەم تاپالمىغان ساخاۋەتچىنىڭ ئازابى ئېشىپ چۈشىدىكەن. مەن قۇرۇپ كەتكەن قۇدۇق بولۇپ قالسامچۇ كاشكى! ئۆتكەن-كەچكەنلەر ماڭا تاش-چالما تاشلىسا... بۇ ماڭا سۈيىنى ئىچىدىغان ئادىمى يوق قايناق بۇلاق بولۇپ قالغىنىمدىن كۆپ يەڭگىل توختار ئىدى. مەن كىشىلەر دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بىر تۈپ قومۇش بولۇپ قالسامچۇ، كاشكى! بۇ ماڭا ئۆزى چولاق، بالىلىرى گاس ئادەمنىڭ ئۆيىدىكى كۈمۈش تارلىق دۇتار بولۇپ قالغىنىمدىن كۆپ ياخشى ئىدى.

2 ـ «لَعَلَّ» ئەمەلگە ئېشىش ئېھتىمالى يۇقىرى بولغان ئىش ھەرىكەتلەرگە قارىتا ئارزۇ-ئۈمىدنى بىلدۈرىدۇ. بۇ تۈردىكى جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلغاندا ئارزۇ-ئۈمىد ئىپادىسىنى تەرجىمىدە چوقۇم تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك.

مەسىلەن:

**لَعَلَّ ٱلْمُصْلِحِينْ وَفَّقُوْنَ فِى عَمَلِهِمْ .**

ئىسلاھاتچىلار ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغاي ئىلاھىم!

### 14 ـ «حَتَّي إِذاَ، إِلاَّ إِذا» ۋە «لَكِنْ إِذاَ»لارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلىش ماھارىتى

«حَتَّي إِذاَ»غا ئادەتتە «ھەتتا»، «غانغا قەدەر»، «غان چاغدا» دېگەندەك تەرجىمىلەر بېرىلىدۇ، لېكىن بۇ مۇتلەق ئەمەس. جۈملىلەرنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا قاراپ جانلىق تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ.

مەسىلەن :

**يَبْدُو أَنَّ ٱلْمشْكِلَةُ لاَيمُكِنُ حِلُّهَا حَتيَّ إِذاَ مَا كُنْتَ تَأتِيْ بِنِفْسِكَ**

سەن ئۆزۈڭ كەلمىسەڭ بۇ مەسىلە ھەل بولىدىغاندەك ئەمەس.

**حَتيَّ إِذاَ كَانَ عَصْرُ الْيَوْمِ الرَّابعِ وَقَفَ هَذاَ كُلُّهُ فُجْأةً**

نىھايەت تۆتىنچى كۈنى ئەسىر ۋاقتى بولۇۋېدى، ھەممە ئىشلار تۇيۇقسىز بېسىقىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالدى.

**لَكِنْ إِ ذَا اَحْبَبْتَ وَكَانَ لاَبُدَّ مِنْ أَنْ تَكُوْنَ لَكَ رَغَبَاتٌ خَاصَّةٌ بِكَ فَلْتَكُنْ هَذِهِ رَغَبَاتُكَ. أَنْ تَذُوْبَ وَتَكُوْنَ كَجَدْوَلٍ مُتَدَفِّقٍ يَشْنِفُ اَذَانَ اللَّيْلِ بِأَنْغَامِهِ. أَنْ تُخْبِرَ اْلآمَ الَّتِيْ فِي اْلعِطْفِ اْلمُتَنَاهِي. أَنْ يَجْرَحَكَ إِدْرَاكُ الْحَقِيْقِيْ لِلْمَحَبَّةِ فِي حَبَّةِ قَلْبِكَ وَأَنْ تَنْزِفَ دِمَائُكَ وَأَنْتَ رَاضٍ مُغْتَبِطٍ. أَنْ تَنْهَضَ عِنْدَ الْفَجْرِ بِقَلْبٍ مُجَنَّحٍ خَفُوْقٍ فَتُؤَدِّى وَاجِبَ الشُّكْرِ مُلْتَمِسًا يَوْمَ مَحَبَّةٍ آخَرَ. أَنْ تَسْتَرِيْحَ عِنْدَ الظَّهِيْرَةِ وَتُنَاجِي نَفْسِكَ بِوُجْدِ الْمَحَبَّةِ. أَنْ تَعُوْدَ إِلَى مَنْزِلِكَ عِنْدَ الْمَسَاءْ شَاكِرًا , فَتَنَامُ حِيْنَئِذٍ وَالصَّلَاةُ لِأَجْلِ مَنْ أَحْبَبْتَ تَتَرَدَّدُ فِي قَلْبِكَ وَأُنْشُوْدَةُ الْحَمْدِ وَالثَّنَاءِ مُرْتَسِمَةٌ عَلَى شَفَتَيْكَ.**

ناۋادا سەن ئاشىق بولۇپ قالساڭ، چوقۇمكى، سېنىڭ ئۆزۈڭگە خاس قىزىقىشلىرىڭ بولۇشى كېرەك! ئۇنداقتا مۇنۇلار سېنىڭ قىزىقىشىڭ بولسۇن:

ئېرىپ بەئەينى ئېقىن سۇغا ئايلانغىن-دە، شىلدىرلىغان كۈيلىرىڭ بىلەن كېچىنىڭ قۇلاقلىرىغا ئارامبەخشلىك ئاتا قىلغىن. زىيادە مېھرىبانلىقنىڭ ئازابىنى تونۇپ يەتكىن. چىن مۇھەببەت يۈرىكىڭنى تىلغاپ لەختە-لەختە قىلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ، سەن ئۇنىڭدىن رازى بولغىن ۋە خۇرسەن بولغىن.

سەھەر يۈرىكىڭ تېپىچەكلەپ ئويغانغاندا مۇھەببەتلىك يەنە بىر كۈننىڭ قۇچاق ئاچقانلىقىغا تەشەككۇر ئېيتقىن.

چۈشتە ئارام ئالغان چاغلىرىڭدا مۇھەببەتنىڭ شېرىنلىكىنى خىيال قىلغىن. كەچتە خۇشال ھالدا ئۆيگە قايتقىن، كېچە ئۇخلىغاندا مەشۇقىڭ ئۈچۈن ئىزگۈ تىلەكلەر يۈرىكىڭدە تەكرارلىنىپ تۇرسۇن. گۈزەل مەدھىيىلەر لەۋلىرىڭگە ئىز سالسۇن.[1]

تەركىبىدە «إِلَّا إِذَا» بولغان جۈملىلەر «...مىغاندا، مىغان چاغدىلا» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تەرجىمە قىلىنىدۇ. لېكىن بۇ مۇتلەق ئەمەس، بۇنى ئوبيېكتىپ ئېھتىياجغا قاراپ جانلىق تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ.

مەسىلەن: **لَنْ أُصَدِّقَ كَلاَمَكَ إِلاَّ إِذَا اَتَيْتَ بِبرهَانٍ يَدُلُّ عَلَى صِحَّتِهِ .**

مەن سۆزۈڭنىڭ توغرىلىقىنى دەلىللەيدىغان پاكىت كەلتۈرگىنىڭدىلا ئاندىن ئىشىنىمەن.

**إِنَّ الثَّوْرَةَ أَيًّا كَانَتْ لاَيُمْكِنُ اَنْ تَنْتَصِرَ إِلاَّ إِذَا حَظِيَتْ بِتَأْيِيْدِ جَمَاهِيرِ الشَّعْبِ .**

ھەرقانداق ئىنقىلاب خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەندە، غەلىبە قىلالىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

بۇ جۈملىنى يەنە مۇنداق تەرجىمە قىلىشقىمۇ بولىدۇ:

ھەرقانداق ئىنقىلاب پەقەت كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندىلا، ئاندىن غەلىبە قىلالايدۇ.

## 15-«لَوْ» ۋە «حَتيَّ وَلَوْ»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىلەرنى پەرقلەندۈرۈپ تەرجىمە قىلىش ماھارىتى

ئادەتتە «لَوْ»گە «بولسىمۇ...»، «حَتيَّ وَلَوْ»گە «قانچە ... بولسىمۇ، ھەر قانچە ... بولسىمۇ» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. قارىماققا بۇ ئىككى شەرت ھەرپلىرىنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىلىرى ئانچە پەرقلەنمەيدىغاندەك قىلسىمۇ، بىراق «حَتيَّ وَلَوْ» ئىپادىلىگەن مەنا ئۇرغۇ جەھەتتىن «لَوْ» ئىپادىلىگەن مەنادىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

مەسىلەن: **إِنَّ اْلوَطَنَ لِلْجَمِيْعِ وَكُلُّ وَطَنِيٍّ يَسْتَطِيْعُ أَنْ يَخْدُمَ بِلاَدَهُ وَلَوْكَانَ صَغِيْرَ السِّنِّ.**

ۋەتەن ھەممىگە مەنسۇپ. ھەربىر ۋەتەنپەرۋەر ئادەم ياشتا ھەر قانچە كىچىك بولسىمۇ ئۆز ئېلى ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدۇ.

**إِنَّ الطَّالِبَ لاَيَنْجَحُ بِدِوْنِ بَذْلِ جُهُوْدِهِ حَتيَّ وَلَوْ كَانَ ذَكِياً غَايَةَ الذُّكَاءِ.**

ئوقۇغۇچى ھەرقانچە ئەقىللىق بولسىمۇ،

[1] جبران خلىل جبران «دانىشمەن» 88-بەت

تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ.

## 16 ـ «عَلَى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلىش ماھارىتى

ئالدى قوشۇلغۇچى «حَرْفُ ٱلجَرْ»لار جۈملىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلمايدۇ، بەلكى جۈملىدە ياردەمچىلىك رولىنى ئۆتەيدۇ. شۇڭا ئۇنى تەرجىمە ئېھتىياجىغا قاراپ جانلىق تەرجىمە قىلىشقا بولىدۇ. بىز تۆۋەندە بۇنىڭغا ئۈلگە سۈپىتىدە «عَلَى»نىڭ ئوخشىمىغان ھالەتتىكى تەرجىمىلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز:

(1) بۇرۇلۇش «ٱلإِسْتِدْرَاكُ» مەنىسىدە كېلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا «عَلَى»غا «... غا قارىماستىن، ... بولسىمۇ» دېگەندەك مەنىلەرنى بېرىشكە بولىدۇ.

مەسىلەن: تَحْتَلُّ ٱلْكَوِيْتُ عَلَى صِغَرِ حَجْمِهَا مَكَانًا مَرْمُوْقًا بَيْنَ دُوَلِ ٱلعَالَمِ ٱلمُنْتَجَّةِ لِلْبِتْرُوْلِ

كۇۋەيت ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماستىن، نېفىت ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەتلەر ئارىسىدا ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

(2) شەرت مەنىسىدە كېلىدۇ.

مەسىلەن: أَنْ تَدْخُلُوْا عَلَى أَنْ تَلْتَزِمُوْا بِالهُدُوْءِ

جىمجىتلىقنى ساقلىغان ئاساستا كىرىڭلار.

(3) «مِنْ» بىلەن مەنىداش بولۇپ «غاندا»، «چاغدا» دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدۇ .

كَانَ يُشَاهِدُ زُمَلاَئَهُ وَهُمْ يُقَاتِلُوْنَ ٱلأَعْدَاءَ بِمنْقَطِعِ الْبَسَالَةِ عَلَى حِيْنٍ لاَيَسْتَطِيْعُ هُوَ أَنْ يُسْدِي خِدْمَةً.

ئۇ بىرەر خىزمەت كۆرسىتەلمەي تۇرغاندا، سەپداشلىرىنىڭ جەسۇرلۇقنى يوقاتقان ھالدا دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقنى كۆردى.

(4) ئۆزى مۇستەقىل ئىسىم بولۇپ كېلىدۇ، بۇ چاغدا ئۇنىڭغا «ئۈستى»، «يۇقىرىسى» دەپ تەرجىمە بېرىلىدۇ.

مەسىلەن: سَقَطَ مِنْ عَلَى ٱلسَّيَّارَةِ .

ئۇ ماشىنا ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشتى.

## 17 ـ «حَسْبُ» ۋە «أَوَّاهٌ»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلىش ماھارىتى

«حَسْبُ» ۋاقىت ۋە ئورۇن رەۋىشىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىم بولغاچقا، ئۇنىڭ مەنىلىرىمۇ ھەرخىل بولىدۇ. مەسىلەن :

﴿وَمَنْ يَتَوَكَّلْ عَلَى اللهِ فَهُوَ حَسْبُهُ﴾

كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايىدۇر. (قۇرئان كەرىم)

قَرَأْتُ ثَلاَثَةَ كُتُبٍ فَحَسْبُ

مەن پەقەت ئۈچ پارچىلا كىتاب ئوقۇدۇم.

هُوَ لَيْسَ مُهَنْدِسًا بَارِعًا فَحَسْبُ وَلَكِنَّهُ خَطِيْبٌ أَيْضًا

ئۇ تالانتلىق ئىنژېنېر بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ناتىق.

«أَوَّاهٌ» قولدىن كەتكەن، مۇمكىن بولمىغان ياكى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارغا قارىتا كۈچلۈك ھەسرەت ۋە ئارمان ئىنتوناتسىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

أَوَّاهُ لَوْأَسْتَطِيْعُ أَنْ أَجْمَعَ بُيُوْتَكُمْ بِيَدِي فَأُبَدِّدُهَا فِي ٱلأَحْرَاجِ وَالرِّيَاضِ كَمَا يُبَذِّرُ الزَّارِعُ زَرْعَهُ فِي ٱلحُقُوْلِ أَوُدُّ لَوْ كَانَتِ ٱلأَوْدِيَةُ شَوَارِعَ لَكُمْ وَمَسَالِكَ التِّلاَلِ الْخَضْرَاءِ أَزِقَّةً تَطْرُقُهَا أَقْدَامُكُمْ عِوَضًا عَنْ أَزِقَّتِكُمْ وَشَوَارِعِكُمُ الْقَذْرَةِ, وَيَا لَيْتَكُمْ تُنْشِدُوْنَ بَعْضَكُمْ بَعْضًا بَيْنَ الدَّوَالِي وَالْكُرُوْمِ ثُمَّ تَعُوْدُوْنَ حَامِلِيْنَ عَطْرَ الأَرْضِ فِي طَيَّاتِ أَثْوَابِكُمْ.

مەن سىلەرنىڭ ئۆي ماكانلىرىنى ئالقىنىمغا يىغىپ، ئاندىن ئۇلارنى خۇددى ئۇرۇق چاچقاندەك ئورمان ـ ئېدىرلار ئارىسىغا چېچىۋەتسەم، ياپيېشىل جىلغىلار يوللۇڭلار بولسا، مەينەت كوچىلار ئورنىدا قىيالىقتىكى چىملار ئۈستىدىن ماڭساڭلار دەيمەن...!

تال باراڭلار ئاستىدا سىردىشىپ قايتقىنىڭلاردا

كىيمگىلاردىن تۇپراقنىڭ خۇش ھىدى گۇپۇلدەپ تۇرسىكەن دەيمەن.[1]

## 18 ـ «وَيْلٌ لِـ »نى ئـۆز ئىچـگە ئالغـان جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلىش ماھارىتى

«وَيْلٌ» ئادەتتە «ۋاي ھەسرەت، ۋاي ئىست» دېگەندەك مەنىلەردە تەرجىمە قىلىنىدۇ ھەمدە كەينىدىكى ئوبيېكتقا قارىتا كۈچلۈك نەپرەت ئىنتوناتسىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنى تەرجىمە قىلغاندا ئۆز تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، جۈملىدىن بۇ خىل ئىدىيىنىڭ پۈرىقىنى يوقاتمىغان ئاساستا جانلىق تەرجىمە كېرەك.

مەسىلەن: وَيْلٌ لِمَنْ لاَيَعْلَمُ وَوَيْلٌ لِمَنْ عَلِمَ ثُمَّ لاَيَعْمَلُ .

بىلمىگەننىڭ ھالىغا ۋاي! بىلىپ ئەمەل قىلمىغانلارنىڭكىگە تېخىمۇ ۋاي!

﴿فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ ظَلَمُوا مِنْ عَذَابِ يَوْمٍ أَلِيمٍ﴾

زالىملارغا قاتتىق كۈن ئازابىدىن ۋاي! (قۇرئان كەرىم)

ئەمدى تۆۋەندىكى پارچىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلى:

يَاأَصْدِقَائِيْ! وَيَارِفَاقِ طَرِيْقِيْ! وَيْلٌ لِأُمَّةٍ تَكْثُرُ فِيْهَا اْلمذَاهِبُ وَالطَّوَائِفُ وَتَخْلُوْ مِنَ الدِّيْنِ , وَيْلٌ لِأُمَّةٍ تَلْبِسُ مِمَّا لَاتَنْسِجُ وَتَأْكُلُ مِمَّا لَاتَزْرِعُ وَتَشْرِبُ مِمَّا لَاتَعْصِرُ, وَيْلٌ لِأُمَّةٍ تَحْسِبُ الْمُسْتَبِدَّ بَطَلاً وَتَرَى الْفَاتِحَ الْمُدِلَّ رَحِيْمًا , وَيْلٌ لِأُمَّةٍ تَكْرَهُ الشَّهْوَةَ فِى أَحْلاَمِهَا وَتَعْنُوْلِهَا فِى يَقْظَتِهَا , وَيْلٌ لِأُمَّةٍ لَاتَرْفَعُ صَوْتَهَا إِلَّاإِذَا مَشَتْ فِى جَنَازَةٍ وَلَاتَفْخِرُ إِلَّا بِالْخَرَائِبِ, وَلَاتَثُوْرُ إِلَّا وَعُنْقُهَا بَيْنَ السَّيْفِ وَالنَّطْعِ , وَيْلٌ لِأُمَّةٍ سَائِسُهَا ثُعْلَبٌ وَفَيْلُوْسُوْفُهَا مَشْعُوْذٌ وَفَنُّهَا فَنُّ التَّرْقِيْعِ وَالتَّقْلِيْدِ , وَيْلٌ لِأُمَّةٍ تَسْتَقْبِلُ حاَكِمَهَا بِالطَّبِيْلِ وَتُوَدِّعُهُ بِالصَّفِيْرِ لِتَسْتَقْبِلَ آخَرَ بِالطَّبِيْلِ وَالتَّزْمِيْرِ, وَيْلٌ لِأُمَّةٍ حُكُماَؤُهَا خَرْسٌ مِنْ وَقْرِ السِّنِيْنِ وَرِجَالُهَا الْأَشِدَّاءُ لَايَزَالُوْنَ فِى أَقْمِطَةِ السَّرِيْرِ, وَيْلٌ لِأُمَّةٍ مُنْقَسِمَةٌ إِلَى أَجْزَاءِ وَكُلُّ جُزْءٍ يَحْسَبُ نَفْسَهُ فِيْهَا أُمَّةً...

ئىھ دوستلىرىم، سەپداشلىرىم، مەزھەپچىلىك ئەۋج ئالغان، دىن دىيانەتتىن يىراقلاشقان بىچارە مىللەتكە ئىچ ئاغرىتىڭلار! رەخت توقۇماي كىيىم كىيىدىغان، يەر تىرماي نان يەيدىغان، مېۋە سىقماي شەربەت ئىچىدىغان بىچارە مىللەتكە ئىچ ئاغرىتىڭلار! مۇستەبىتنى قەھرىمان ھېسابلايدىغان، زوراۋان باسمىچىنى غەمگۈزار چاغلايدىغان بىچارە مىللەتكە ئىچ ئاغرىتىڭلار! چۈشلىرىدە ھەۋەسنى مەنسىتمەيدىغان، ئويغانغاندا ئۇنىڭغا تىز پۈكىدىغان بىچارە مىللەتكە ئىچ ئاغرىتىڭلار! تاۋۇتنى كۆرمىگۈچە ياش تۆكمەيدىغان، خارابىلىرىدىن مەستخۇش بولۇپ، بوينىغا قىلىچ تەگمىگۈچە ئۇيقۇسىنى ئاچمايدىغان بىچارە مىللەتكە ئىچ ئاغرىتىڭلار! سىياسىئونلىرى تۈلكە، پەيلاسوپلىرى دەججال، سەنئەتكارلىرى مايمۇن بىچارە مىللەتكە ئىچ ئاغرىتىڭلار!

داقا ـ دۇمباق بىلەن قارشى ئالغان رەھبىرىنى ئىسقىرت بىلەن ئۇزىتىپ قويۇپ، ئارقىدىنلا يەنە بىرەيلەننى ناغرا ـ سۇناي بىلەن قارشى ئالىدىغان بىچارە مىللەتكە ئىچ ئاغرىتىڭلار! ئاقىللىرى قېرىپ كۆز ـ قۇلىقىدىن كېتىپ قالغان، ئەركەكلىرى چىمىلدىقتىن چىقالماي ياتقان بىچارە مىللەتكە ئىچ ئاغرىتىڭلار! گۇرۇھ ـ مەزھەپلەرگە پارچىلىنىپ ھەربىرى ئۆزىنى «خەلق» دەۋالغان بىچارە مىللەتكە ئىچ ئاغرىتىڭلار![2]

## 19 ـ «إِنْ، إِذاَ» قاتارلىق شەرت ھەرپلىرى كەلگەن جۈملىلەرنى پەرقلەندۈرۈپ تەرجىمە قىلىش ماھارىتى

«إِنْ ، إِذاَ» كەلگۈسى زامانغا تەۋە شەرت ئۇقۇمىنى ئىپادىلەشتە ئورتاق بولسىمۇ، بىراق بۇلارنىڭ يەنە مۇنداق پەرقى بار:

«إِنْ» يۈز بېرىشى نائېنىق بولغان ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە قارىتا شەرت ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدۇ.

---

[1] جبران خەلىل جبران «دانىشمەن»

[2] جبران خەلىل جبران «دانىشمەن»

مەسىلەن: **إِنْ أَخْلَصْتَ فِي عَمَلِكَ اِحْتَرَمَكَ النَّاسُ** .

ئىشىڭدا سەممىي بولساڭ، كىشىلەر سىنى ھۆرمەتلەيدۇ.

«**إِذَاَ**» يۈز بېرىشى ئېنىق بولغان ئىش-ھەرىكەتلەرگە قارىتا شەرت ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن: **إِذاَ ضُيِّعَتِ ٱلْأَمَانَةُ فَأَنْتَظِرِ السَّاعَةَ**

ئىشەنچ يوقالغاندا قىيامەتنى كۈت.

ئومۇمەن «**إِنْ، إِذاَ**» كىرگەن جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلغاندا ئىمكان بار يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك. لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن زىيادە زورۇقۇپ تەرجىمىنىڭ راۋانلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ. بىز تۆۋەندىكى پارچىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلى:

**إِذَا أَشَارَتِ الْمَحَبَّةُ إِلَيْكُمْ فَأَتَّبِعُوْهَا وَإِنْ كَانَتْ مَسَالِكُهَا صَعْبَةً مُتَحَدِّرَةً وَإِذَا ضَمَّتْكُمْ بِجَنَاحَيْهَا فَأَطِيْعُوْهَا وَإِنْ جَرَحَكُمُ السَّيْفُ الْمَسْتُوْرُ بَيْنَ رِيْشِهَا وَإِذَا خَاطَبَتْكُمُ الْمَحَبَّةُ فَصَدِّقُوْهَا وَإِنْ عَطَّلَ صَوْتُهَا أَحْلَامَكُمْ وَبَدَّدَهَا كَمَا تَجْعَلَ الرِّيْحُ الشِّمَالِيَّةُ الْبُسْتَانَ قَاعًا صَفْصَفًا.**

مۇھەببەت سىلەرنى چاقىرغاندا، گەرچە مەنزىل مۈشكۈل ھەم ئەگرى-توقاي بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار!

مۇھەببەت قانىتى سىلەرنى ئوراپ ئالغاندا، گەرچە ئۇنىڭ پەيلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنغان تىرناقلىرى سىلەرنى پارە-پارە قىلىۋەتسىمۇ ئۇنىڭغا بوي سۇنۇڭلار.

مۇھەببەت سىلەرگە خىتاب قىلغاندا ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى شىمال شامىلى باغلارنى خازان قىلغاندەك شىرىن چۈشلىرىڭلارنى بەربات قىلىۋەتسىمۇ، ئۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىڭلار.[1]

## 20-«**كَانَ مِنَ ٱلْأَفْضَلِ**» بىلەن باشلانغان جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلىش ماھارىتى

[1] جىبران خەلىل جىبران «دانىشمەن» 87-بەت

ئەرەب تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس تەركىبلىرىدىن بىرى بولغان «**كَانَ مِنَ ٱلْأَفْضَلِ**» دېگەن بىرىكمە ئادەتتە «ياخشى، ئەڭ ياخشى، ئەڭ، ئەۋزەل» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تەرجىمە قىلىنىدۇ.

مەسىلەن: **كَانَ مِنَ ٱلْأَفْضَلِ اَنْ تُعَاشِرُوْا كَٱلْإِخْوَانِ وَتحُاَسِبُوْا كَٱلْغُرَبَاءِ.**

باشقىلار بىلەن قېرىنداشلارچە مۇئامىلە قىلىشىپ، ياتلارچە ھېساب-كىتاب قىلىشقان ياخشى.

**وَهَا هُنَالِكَ اِبْنَةُ مَلِكٍ عَظِيْمٍ اِسْتَيْقَظَتْ مِنْ سُبَاتِهَا وَارْتَدَّتْ رِدَائَهَا الْحَرِيْرَ وَتَحَلَّتْ بِلَآلِئِهَا وَجَوَاهِرِهَا وَنَشَرَتِ الْمِسْكَ عَلىَ شَعْرِهَا وَغَمَسَتْ اَنَامِلَهَا فِي ٱلْعَنْبَرِ ثُمَّ نَزَلَتْ مِنْ بُرْجِهَا الْعَالِي إِلىَ حَدِيْقَتِهَا حَيْثُ اِحْتَفَلَ النَّدَىْ بِمُقَدَّمِ حِذَائِهَاالذَّهَبِي**

**وَرَاحَتْ اِبْنَةُ الْمَلِكِ الْعَظِيْمِ تُنْشِدُ الْحُبَّ فِي الْحَدِيْقَةِ خِلَالَ هُدْأَةِ الَّلَيْلِ وَلَكِنَّ أَحَدًا مِنْ أَبْنَاءِ مَمْلِكَةِ أَبِيْهَا الْوَاسِعَةِ لَمْ يَكُنْ يُحِبُّهَا .**

**لَقَدْ كَانَ مِنَ الْأَفْضَلِ لهَاَ اَنْ تَكُوْنَ اِبْنَةُ حَرَّاثٍ جَارَّةُ نَعْجَتِهَا فِي حَقْلٍ وَعِنْدَ الْمَسَاءِ تَعُوْدُ إِلَى مَنْزِلِ أَبِيْهَا وَغُبَارُالطَّرِيْقِ يَعْلُوْ قَدَمَيْهَا وَعَبِيْرُ الْكُرُوْمِ يَفُوْحُ مِنْ ثَنَايَا رِدَائِهَا حَتَّى إِذَا أَقْبَلَ الظَّلَامُ وَخَيَّمَ بِأَجْنِحَتَيْهِ مِلاَكُ الَّلَيْلِ عَلىَ الْعَالَمِ تَتَسَلَّلُ إِلَى نَعْجَتِهَا وَتَنْسِلُ بِهَا إِلَى نَهْرِ الْوَادِيْ حَيْثُ يَنْتَظِرُ حَبِيْبُهاَ.**

قاراڭلار! كاتتا پادىشاھنىڭ قىزى ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، شايى كۆينىكىنى كەيدى. ئالتۇن-بىزەكلىرىنى تاقاپ، چاچلىرىغا ئىپار چاچتى. تىرناقلىرىغا خېنە قويۇپ بالكوندىن باغچىغا چۈشۈپ كەلدى. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئالتۇن كەشىنىڭ جىيەكلىرىدە شەبنەم دانچىلىرى يالتىرايتتى.

مەلىكە باغچىدا كېچە جىمجىتلىقىدا سۆيگۈ ئىزلەيتتى. بىراق شاھ ئاتىسىنىڭ شۇنچە چوڭ دۆلىتىدە ئۇنى سۆيىدىغان بىرمۇ كىشى يوق ئىدى،

شۇدەم دېھقان قىزى بولۇپ قالسىچۇ كاشكى! كەڭ دالىلاردا پادا بېقىپ كەچتە ئۆيگە قايتسا، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى توپىلارغا مىلەنسە، كىيىم-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېچەكلىرىدىن ئۈزۈمنىڭ خۇش ھىدى گۈپۈلدەپ تۇرسا، نىھايەت كېچە پەرىلىرى ئەتراپى ئالەمگە قاناتلىرىنى يايغاندا، ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن پادىسىنى ھەيدەپ دەريا بويىغا بارسا، ئۇيەردە ئۇنى سۆيگەن يىگىتنى ساقلاپ تۇرسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە...![1]

## 21 ـ «كَأَنَّ» بىلەن ئوخشىتىش قىلىنغان جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلىش ماھارىتى

«كَأَنَّ» يالغۇز كەلگەندە «گوياكى، خۇددى، مىسالى» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تەرجىمە قىلىنىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ئوخشىتىش قىلىنغان جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلغاندا، بەزىدە شۇ مەنىلەر بىلەن تەرجىمە قىلىنسا، بەزىدە شۇ ئۇقۇمنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان باشقا سۆزلەر بىلەن تەرجىمە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

اِعْمَلْ لِدُنْيَاكَ كَأَنَّكَ تَعِيْشُ اَبَدًا وَاعْمَلْ لآخِرَتِكَ كَأَنَّكَ تَمُوْتُ غَدًا .

دۇنيا ئۈچۈن ئۆلمەيدىغاندەك ئىشلە، ئاخىرەت ئۈچۈن ھېلى ئۆلىدىغاندەك ئىشلە.

وَمَا هُوَ الْعَمَلُ الْمَقْرُوْنُ بِالْمَحَبَّةِ ؟

هُوَ اَنْ تَحُوْكَ الرِّدَاءَ بِخُيُوْطٍ مَسْحُوْبَةٍ مِنْ نَسِيْجِ قَلْبِكَ مُفَكِّرًا اَنَّ حَبِيْبَكَ سَيَرْتَدِي ذَالِكَ الرِّدَاءَ .

هُوَ اَنْ تُبْنِيَ الْبَيْتَ بِحِجَارَةٍ مَقْطُوْعَةٍ مِنْ مَقْلَعِ جَنَانِكَ وَاِخْلاَصِكَ مُفَكِّرًا اَنَّ حَبِيْبَكَ سَيَقْطِنُ فِي ذَالِكَ اْلبَيْتِ .

هُوَ اَنْ تُبَزِّرَ الْبُزُوْرَ بِدِقَّةٍ وَعِنَايَةٍ وَتَجْمَعَ الْحِصَادَ بِفَرَحٍ وَلَذَّةٍ كَأَنَّكَ تَجْمَعُهُ لِكَيْ يُقَدِّمَ عَلَى مَائِدَةِ حَبِيْبِكَ .

هُوَ اَنْ تَضَعَ فِيْ كُلِّ عَمَلٍ مِنْ أَعْمَالِكَ نَسَمَةً مِنْ رُوْحِكَ .

وَتَثِقُ بِأَنَّ جَمِيْعَ الْأَمْوَاتِ الْأَطْهَارِ مُحِيْطُوْنَ بِكَ يُرَاقِبُوْنَ وَيَتَأَمَّلُوْنَ

مۇھەببەتلىك مېھنەت دېگەن نېمە؟

يۈرەك تالالىرىڭدىن مەشۇت تارتىپ يىپەك توقۇغىن، ئۇنىڭدىن خۇددى مەشۇقلىك كىيىم كىيدىغاندەك!

ئىرادە ـ ئېتقاد تاغلىرىڭدىن تاش ئويۇپ ئىمارەت سالغىن، ئۇنىڭدا خۇددى مەشۇقلىك ئارام ئالىدىغاندەك!

ئەقىدە ـ ئىخلاس بىلەن ئۇرۇق چاچ، شاد ـ خۇراملىق بىلەن يىغۋال، خۇددى ئۇنى مەشۇقلىك ئالدىغا داستىخان قىلىدىغاندەك!

شۇ چاغدىلا بارلىق مېھنەتلىرىڭنى ئۆز روھىڭنىڭ تىنىقلىرى بىلەن سۇغارغان بولىسەن. ئىشىنىشىڭ كېرەككى، پاكلارنىڭ روھى سەن بىلەن بىرگە، دائىم سىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ سىنى خىيال قىلىپ تۇرىدۇ.[2]

## 22 ـ «بَلْ»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۈملىلەرنى تەرجىمە قىلىش ماھارىتى

«بَلْ» بۇرۇلۇش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭلاشقا «بَلْ»نىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى جۈملىلەرنىڭ مەزمۇنى ئادەتتە بىر ـ بىرىگە قارىمۇ ـ قارشى ئۇقۇمغا تەۋە بولىدۇ.

مەسىلەن: اَنَا لاَأَظْلِمُ بَلْ اُدَافِعُ عَنِ اْلمَظْلُوْمِ

مەن زۇلۇم قىلمايمەن، بەلكى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنى قوغدايمەن.


اَحِبُّوْا بَعْضُكُمْ بَعْضًا وَلَكِنْ لاَتُقَيِّدُوْا الْمَحَبَّةَ بِالْقُيُوْدِ بَلْ لِتَكُنِ الْمَحَبَّةُ بَحْرًا مُتَمَوِّجًا بَيْنَ شَوَاطِئِ نُفُوْسِكُمْ.

ئۆز ـ ئارا مۇھەببەتلىشىڭلار، ئەمما مۇھەببەتنى كىشەنلەپ قويماڭلار، بەلكى مۇھەببەت روھىڭلارنىڭ قىرغاقلىرى ئارىسىدا ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان دېڭىز بولسۇن!

ـــ داۋامى كېيىنكى ساندا...

[1] جىبران خەلىل جىبران «دانىشمەن» 476 ـ بەت

[2] جىبران خەلىل جىبران «دانىشمەن» 98 ـ بەت



# دەۋەتچىلىرىمىزدە ئۈچ غەلەت (3)

ئابدۇللا مۇھەممەدئىمىن

بىز تېمىمىزنىڭ باش قىسمىدا دەۋەتچىلىرىمىزدە تۈزىتىشكە تېگىشلىك دەپ قارىغان تەرەپلەرنى ئۈچ تۈرگە بۆلۈپ تەھلىل قىلىدىغانلىقىمىزنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تۈر بولغان «ئىنكارچىلىق» ۋە «تەپەككۇر ئۈزۈكچىلىكى» توغرىسىدا خىلى تەپسىلى توختالغان ئىدۇق. نۆۋەتتە توختالماقچى بولغىنىمىز ئۈچىنچى تۈرلۈك غەلەت ـ پىداكارلىق روھىنىڭ كەمچىللىكىدۇر.

پىداكارلىق توغرىسىدا

پىداكارلىق دېگىنىمىز ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بولغاندەك، مۇئەييەن نىشان ۋە غايە ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش، جېنىنى ئاتاش ۋە شۇ تەرەپكە قاراپ ئۈزۈكسىز ھالدا ئىلگىرىلەش دېگەنلىكتۇر.

بەرھەق، ئىنسان ھاياتلا بولىدىكەن مۇئەييەن غايە ـ نىشان بويىچە ياشايدۇ. غايە ـ نىشان شۇ غايە ئىگىسىنىڭ ئېتىقادى ۋە كىشىلىك قىممەتقاراشلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن غايە ۋە نىشاننى ئۇلۇغۋار ياكى پۈچەك دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. ئۇلۇغۋار غايىگە ئىگە ئادەملەر غايە يولىدىكى ئەڭ كىچىك

ھالقىلارغىچە ئۇلۇغ بىر پىرىنسىپنى قىبلەنامە ۋە ئالىيجاناب بىر ئۈلگىنى ئۆرنەك قىلغان ئاساستا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ.

خەلقنى توغرا ئىسلام ئەقىدىسىگە ۋە ساپ ئېتىقادىي چۈشەنچىگە ئىگە قىلماقچى بولغان ۋە بۇ خىزمەتنى ئۆزىنىڭ ھايات نىشانى قىلغان قەدىرلىك دەۋەتچىلىرىمىزنىڭ دەل يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئۇلۇغ پىرىنسىپ «قۇرئان كەرىم»نى قىبلەنامە ۋە ئالىيجاناب ئۈلگە «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام»نى ئۆزىگە ئۆرنەك قىلماقچى بولغانلىقى شەكسىز. ئەمما بۇ ئىشلار ھەرگىزمۇ ياخشى نىيەت، ياخشى ئوي، ياخشى خىيال بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. بەلكى شۇ ئوي ـ خىيال ۋە تەسەۋۋۇرلىرى گارمونىك بىرلىك ھاسىل قىلغان ئەمەلىي ھەرىكەت بولۇشى لازىم.

شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلانمىغان ئۇلۇغۋار پىلاننىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. شۇنداقلا، ئۆزىنى بېغىشلاش ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئىسپاتلانمىغان ئېتىقادنىمۇ تازا مۇستەھكەم دەپ كەتكىلى بولمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە بىر پۈتۈن ئىسلام تارىخىغا نەزەر سېلىپ باقىدىغان بولساق، پەيغەمبەر

www.uyghurkitap.com

ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر قولغا كەلگەن بارلىق ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر دىن ۋە ئۈممەت ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا كۆكرەك كىرىپ ئوتتۇرىغا چىقالايدىغان بىر تۈركۈم ئىمانغا سادىق پىداكارلارنىڭ قولى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىققانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ناھايىتى ئېنىقكى، ئىمان، ئېتىقادنى چۈشەنگەن ھەربىر مۇئمىن، مۇسۇلماننىڭ دائىم ئويلايدىغىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى بولىدۇ. قىلىۋاتقان ھەربىر ئىشنى ئاللاھ رازى بولغۇدەك دەرىجىدە ئورۇنداشقا تىرىشىدۇ.

ئۆز خەلقىنىڭ ئىماني چۈشەنچىلىرى ۋە ئىسلاھاتى ئۈچۈن كۈچ چىقارماقچى بولغان پىداكار قېرىنداشلار ئوقۇش ۋە يېتىلىش دەۋرىدىن باشلاپلا ئۆزى مېڭىۋاتقان بۇ يولنىڭ خاراكتېرىنى چۈشىنىشى، بۇ يولنىڭ راھەتتىن كۆپرەك رىيازەت، ئىرىشىشتىن كۆپرەك بېغىشلاش تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلىشى ئىنتايىن زۆرۈر.

ھەر ئىشتا ئەڭ يەڭگىللىككە تۇرۇش، دۆڭ كېچىك ئىزدەش، «سۇنىڭ ئېقىشىغا، تۈكنىڭ يېتىشىغا» قاراپ ئىش تۇتۇش... قاتارلىقلار پەقەت ئۆزىنىڭ «مەن ھېچ ئىش قىلالمىدىم، ئاللاھنىڭ ئالدىغا نېمە دەپ بارارمەن» دەپ تىپىرلاۋاتقان ئىچكى ھەسرەتلىرىگە تەسەللىي ئىزدەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. پەقەت ھەسرەتلىرىمىزنى يەڭگىللىتىش ۋە ئۆزىمىزگە تەسەللىي ئىزدەش ئۈچۈنلا قىلىنغان خىزمەتلەر بىزنى ھەرگىزمۇ بۇ يولدا پىداكارلىق كۆرسەتكۈچىلەر، جېنىنى پىدا قىلغۇچىلار، ئىمانغا سادىقلار قاتارىغا تىزالمايدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاجەر ئانىمىزنى تىكەندەك يالغۇز ھالدا چۆللۈكتە قويۇپ قايتتى. ۋاھالەنكى، ھاجەرنىڭ يېنىدا يېگۈدەكمۇ بىر نەرسە يوق ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام «ئاللاھ شۇنداق قىلىشقا بۇيرىدى» دېگەندە، ھاجەر پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھقا چىن پۈتتى ۋە ھېچقانداق ئېتىرازسىز ھالدا بۇ چۆللۈكتە قېلىشقا رازى بولدى. بۇلاردىكى ئۆزىنى بېغىشلاش روھى ئاللاھقا يارىغان بولغاچقا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ پېشۋاسى بولالىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاجەرنى قويۇپ قايتقاچ مۇنداق دۇئا قىلغان ئىدى: «پەرۋەردىگارىمىز! ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى (يەنى بالام ئىسمائىل بىلەن ئايالىم ھاجەرنى) ناماز ئوقۇسۇن (يەنى ساڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ) سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا (يەنى مەككىگە) ئورۇنلاشتۇردۇم، پەرۋەردىگارىمىز! بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنى شۈكرى قىلسۇن دەپ تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزق قىلىپ بەرگىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن بىزنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىمىزنى بىلىپ تۇرىسەن، ئاسمان ـ زېمىندىكى ھېچ نەرسە ئاللاھقا مەخپىي ئەمەس.»[1]

يەنە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاممۇ پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا مەمنۇنىيەت بىلەن ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە تاپشۇردى. ئاللاھ تائالا بۇ ۋەقەلىكنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئۇ ئىبراھىمنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە يارىغۇدەك بولغان چاغدا، ئىبراھىم: «ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشقا (ئەمر قىلىنىپ) چۈشەپتىمەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ چۈشى ھەقىقەتتۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە بولىدۇ)، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟» دېدى. ئۇ ئېيتتى: «ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، خۇدا خالىسا مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن».[2]

ئاتا ـ بالا ۋە ئانا قاتارلىق بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئاللاھنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلىدى. ئۇلار مانا شۇنداق پىداكارلىق روھى بىلەن پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۈلگىسىگە، ھەر نامازلىرىدا نامى تىلغا ئېلىنىدىغان بۈيۈك ئۆرنەكلەرگە ئايلىنالىدى.

---

[1] سۈرە ئىبراھىم 37 ، 38 ـ ئايەتلەر

[2] سۈرە سافقات 102 ـ ئايەت

ئىچىمىزدىكى دىن يولىغا ئۆزىنى ئاتىغان نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ كۆڭلى ياخشى، نىيىتى ساپ. ئۇلار قارىماققا ئۆزىنى پۈتۈنلەي دىن ۋە دەۋەت يولىغا ئاتىغاندەك قىلىدۇ ـ يۇ، لېكىن پىداكارلىق روھى كەمچىل بولغاچقا، دائىم ئەڭ ئاز بەدەل تۆلەپ، تېخى مۇمكىن بولسا قەتئىي بەدەل تۆلىمەي زور ئۇتۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ساھىب بولۇشنى ئىستەيدۇ. لېكىن ھەربىر مۇۋەپپەقىيەت پۇلاتتەك ئىرادە ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدىغان بولغاچقا، بۇ خىلدىكى كىشىلىرىمىزگە مۇۋەپپەقىيەت نېسىپ بولماي، بىر ئۆمۈر مۇشۇ يولدا نىمجان ھالدا ھەسرەت بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەقىقەتتە ھامىي بولۇشتىن ئىبارەت ئىچكى تۇيغۇ ـ تەسەۋۋۇرلىرىغا ماس ھالدا پىداكارلىق كۆرسىتىش ۋە غەرەزسىز ھالدا ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بولمىغاچقا، دائىم دەرمانسىز ئارمان ئىچىدە تىپىرلايدۇ.

ھەئە، ئەلۋەتتە ھەر ئۇتۇقنىڭ بىر بەدىلى بولىدۇ. بەدەل تۆلىمەي ئۇتۇققا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئاللاھنىڭ ئالدىدا ۋەسىلە بولىدىغان ياخشى ئەمەللەرمۇ ئانچىكى تىرىشچانلىقلار بىلەن ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ.

بىز مەزكۇر ماقالىمىزنىڭ دەسلەپكى قىسىملىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك، دەۋەتچىلىك شەكلى ھەر خىل، ئۆزى مۇشكۇل بىر خىزمەت. بارلىق پەيغەمبەرلەر مۇشۇ يولدا ئۆزىگە مۇناسىپ ئىز قالدۇرغان. پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى بولۇشنى ئۆزىگە ھايات نىشانى قىلىپ تاللىۋالغان قېرىنداشلىرىمىز بۇ يولدا ئادەتتىكى ئىرادە ۋە تىرىشچانلىقلار بىلەن ھەرگىزمۇ كۆزلىگەن نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

بۈگۈنكىدەك تۇرمۇش بېسىمى ئېغىرلاشقان، ھاياتنىڭ رېتىمى تېزلاشقان بىر شارائىتتا نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىپ ئۆزىنى ئىلىمگە ئاتىشى ياكى مۇئەييەن ساھەلەردىكى دىنىي خىزمەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشى ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ئىش ئەمەس. لېكىن ئەپسۇسلۇق تەرىپى شۇكى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىلىرى ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىدا بەش يىل ھەتتا نەچچە ئون يىلنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، بىراق شۇ ۋاقىتقىچە ئۆزىگە مۇئەييەن بىر نىشان، غايە تىكلەپ بولالمىغان. ئۆزىنىڭ نېمىشقا ئوقۇۋېتىدىغانلىقى توغرىسىدىمۇ تۈزۈكرەك ئويلىنىپ باقمىغان. ئۇلارغا نىسبەتەن ئوقۇش غايىگە ئايلىنىپ قالغان. ئۇلار غايە بىلەن ۋاسىتىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويغان. ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇممەتكە، خۇسۇسەن ئۆزىنىڭ خەلقىگە قانداق خىزمەت قىلىش توغرىسىدا كاللىسىدا مۇئەييەن بىر تونۇش شەكىللەنمىگەن. ئۇلار ئوقۇشنىڭ ئۆزىنىلا ئاللاھ يولىدىكى خىزمەت، ئۇممەتكە خىزمەت قىلغانلىق دەپ قارىۋالغان.

توغرا، غايىگە يېتىش يولىدىكى ۋاسىتىلار قىممەت جەھەتتە غايىگە تەڭداش بولسىمۇ، بىراق يەنىلا غايىنىڭ ئۆزى بولالمايدۇ. خۇددى «قېرىغاندا راۋاب ئېتىپ ئۆلگەندە چالىمەن» دېگەندەك، ئۆزىنىڭ چەكلىك ھاياتىدا پۈتۈن ئۆمرىنى ۋاسىتىگىلا ئەمەك قىلىۋېتىپ، غايىگە يېتىدىغانغا پۇرسەت بولمىسا، بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش بولىدۇ.

ناھايىتى ئېنىقكى، ئوقۇش جەريانى بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئۆزىدە ماھارەت يېتىلدۈرۈش جەريانى بولىدۇ. خۇددى مۇۋەپپەقىيەتنى تەقلىد قىلغىلى بولمىغاندەك تالانت ۋە ئىقتىدارنىمۇ تەقلىد قىلغىلى ياكى باشقىلاردىن ئارىيەت ئالغىلى بولمايدۇ. ھەر ئادەمدە ئاللاھ ئاتا قىلغان بىر ياكى بىر قانچە تالانت ۋە ئىقتىدار بولىدۇ. ئاللاھ بەرگەن شۇ ئىقتىدار ۋە تالانتنى قانچىكى بۇرۇن بايقاش ۋە شۇنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، مۇناسىپ بىر خىزمەتنىڭ پېشىنى تۇتۇش مۇۋەپپەقىيەتكە يېقىنلىشىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاملى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ نۇقتىدىن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىنى ئاۋام مۇسۇلمانلارنىڭ ھىدايىتى ۋە ئىسلاھاتىغا بېغىشلىماقچى بولۇۋاتقان تالىبۇل ئىلىم قېرىنداشلىرىمىز بۇ تەرەپلەرگە ئالاھىدە دىققەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېتىبارىنى بېرىشى زۆرۈر. ئۇلار مەيلى بىرەر ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇۋاتقان بولسۇن ياكى سەييارە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان بولسۇن، ئىلىم يولىغا كىرگەن تۇنجى ۋاقتلىرىدىن باشلاپلا ئۆزىنىڭ قايسى خىلدىكى خىزمەتكە ماس كېلىدىغانلىقىنى، قايسى تەرەپلەردە تالانتى بارلىقىنى ئېنىق بىلىۋېلىشى ۋە شۇ لىنىيەنى بويلاپ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئىنتايىن مۇھىم.

بولۇپمۇ دىنىي ئىلىم ئۆگىنىش ئارزۇسىدىكى قېرىنداشلارنىڭ تولىسى ۋەزىيەت، شارائىت چەكلىمىلىرى تۈپەيلى ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئوقۇش شارائىتىغا ئېرىشەلمەيۋاتقان بولغۇنىكى كۆندە، شۇ شارائىتقا ئېرىشكەن قېرىنداشلار ئۆزىدىكى بۇ ئەۋزەللىكلەرنى ئاللاھنىڭ بۈيۈك ئامانىتى بىلىپ، ۋاقتىنى قەدىرلەپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، نىشانلىق، مەقسەتلىك، قاراتمىلىق، سىستېمىلىق ھالدا تەربىيەلىنىشى ئىنتايىن زۆرۈر.

ئاللاھ يولىغا ئۆزۈمنى بېغىشلىدىم دېمەك، شۇ يولنىڭ ھوزۇر-ھالاۋەتلىرى، ئىززەت-ھۆرمەتلىرىگىلا ئەمەس، بەلكى شۇ يولدا ئۇچرىغان بارلىق قىسمەتلەر ۋە كۈلپەتلەرنى ھەم خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىش دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى﴾[1]. دېمەك، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن ھەربىر مۇئمىننىڭ جېنى ۋە مېلى ئاللىبۇرۇن ئاللاھ تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان بولىدۇ. بۇلارنىڭ ساھىبلىرى پەقەت شۇنىڭ ئامانەتكارلىرى ھېسابلىنىدۇ، خالاس! بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەقىقىي مۇئمىن كىشىگە نىسبەتەن پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش ۋە ئۆزىدىكى جان ۋە مال ئامانىتىنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇشتىن باشقا ھېچقانداق شەخسىي مۇددىئا ياكى ھايات نىشانى بولمايدۇ.

مەزكۇر ئايەتتىن ئايان بولغاندەك، پىداكارلىق پەقەت مەخسۇس بىر بۆلۈك كىشىلەردىلا تېپىلىشقا تېگىشلىك خىسلەت بولماستىن، بەلكى ئومۇمى مۇئمىنلەردىن تەلەپ قىلىنغان بىر سۈپەتتۇر. ھالبۇكى، مۇسۇلمانلار ھاياتلىقىنىڭ ھەربىر تەرەپلىرىدە ئىسلام تەلەپ قىلغان ئەسلى مۇددىئادىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان بۇ شارائىتتا، پىداكارلىق روھىنى ھەربىر مۇسۇلماندىن ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ سەركىسى ۋە يولباشچىسى بولۇۋاتقان دەۋەتچىلەردىن تاپماقمۇ ئىنتايىن قىيىن بولۇۋاتىدۇ.

ئىسلام دىنى ھەربىر مۇئمىندىن ئاۋۋال ئۆزى تەۋە ئىجتىمائىي توپقا (يەنى ئۆز خەلقىگە) خىزمەت قىلىشنى، شۇلارنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن قولىدىن كېلىشچە پىداكارلىق كۆرسىتىشنى، بۇ خىزمەتلەرنى ئاۋۋال ئۆزى ۋە ئۆز ئائىلىسىدىن باشلاشنى باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس ۋەزىپە قىلىپ بېكىتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار»[2]

مەسىلىگە ئېلىپ ئېيتساق، دىنىمىز زۆرۈر بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا زاكاتنى ئۆزى ياشاۋاتقان يۇرتنىڭ سىرتىغا ئەۋەتىشكىمۇ رۇخسەت قىلمىغان. چۈنكى، زاكاتنى ئۆز يۇرتىدا ئايرىغاندا ئاۋۋال ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرى، ئاندىن ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ئەھمىيەت بېرىلگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرى قامدالغان بولىدۇ. زاكات ئايرىشمۇ ئەسلىدە قول-ئىلكىدە بار ئادەملەرگە نىسبەتەن دىن يولىدىكى مەجبۇرىيەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز نەپسى بىلەن كۆرەش قىلىش، ئۆز نەپسىدىن كېچىش، باشقىلارنى ئۆزىدىن يۇقىرى بىلىشنىڭ بىر ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇمۇ ئىمانغا بولغان ئالاھىدە ساداقەت ۋە پىداكارلىقنى تەلەپ قىلىدىغان بىر ئىبادەت. خۇددى شۇنىڭدەك، ھەربىر

[1] سۈرە تەۋبە، 111 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى

[2] سۈرە تەھرىم، 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى

مۇسۇلماننىڭ مەيلى ماددىي جەھەتتىن ياكى مەنىۋى جەھەتتىن قىلىدىغان خىزمەتلىرى، ئۆزىنى ئاتاشلىرى ۋە پىداكارلىقلىرى ئاۋۋال ئۆزى، ئۆز ئەتراپىدىكىلىرى ۋە ئۆز خەلقىگە بولۇشى كېرەك.

پىداكارلىق ئۆز ساھىبىنىڭ ۋاقتىنى، زېھنىنى، ھەتتا تېخى ھاياتىنى تەلەپ قىلىدىغان بىر ئەمەلىيەت جەريانى. پىداكارلىق كۆرسىتىلمىگەن ياكى بىر توپ سادىق پىداكارلىرى بولمىغان ھېچبىر خىزمەت ياكى ئۇلۇغۋار ھەرىكەت ھەرگىزمۇ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. ئۆز نىشانىغا «كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان» يول بىلەن يېتىمەن دېگۈچىلەر، ئېنىقكى «كاۋاپ»تىن مەھرۇم قالغۇچىلاردۇر. دېمەك، «كاۋاپ»قا ئېرىشمەكچى بولغانلار «كۆيۈش»تىن ئېككىلەنمەسلىكى لازىم.

يۇقىرىقى مەزمۇنلارغا ماس ھالدا مەرھۇم شائىر روزى سايىتنىڭ مۇنۇ رۇبائىيسىنى ئەسلەپ ئۆتۈش ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك:

گۈل ئۈزەي دېگەنىتىم، سانجىلدى تىكەن،
تىكەنسىز ئەمەسكەن، بىلىدىم گۈل دېگەن.
ئارقامغا يانغانىتىم، گۈل ئېيتتى كۈلۈپ:
«تىكەندىن قورققانغا گۈل نەدە ئىكەن؟»

يۇقىرىدا پىداكارلىق ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ دىنىمىزدىكى ئورنى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق. ئەمدى پىداكارلىق روھى يېتىلدۈرۈشتە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ۋە ساقلىنىشقا تېگىشلىك تەرەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز:

**1- پىداكارلىق روھىنى ئۇرغۇتىدىغان ئامىللار:**

1. «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىفلەر ۋە ياكى ئىشەنچلىك مەنبەلەردە بايان قىلىنغان پىداكارلىققا ئالاقىدار قىسسە ۋە رىۋايەتلەرنى كۆپرەك مۇلاھىزە قىلىش. بۇنداق بولغاندا ھەر قېتىم ئۆزىدە سۇسلۇق ياكى ھورۇنلۇق كۆرۈنگەندە شۇ ۋەقە ھەم قىسسىلەر كۆز ئالدىدا گەۋدىلىنىدۇ-دە، شۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ، ئۆزىنى تېپىۋالالايدۇ.

**2. خاراكتېرى، خۇي-مىجەزى، ئالاھىدىلىكى ۋە تالانتىغا ماس كېلىدىغان خىزمەتلەرنى ھايات نىشانى قىلىپ تاللاش.** بۇنداق بولغاندا زېرىكىش ۋە چارچاشتىن، شۇنداقلا ئاسان بەل قويۇۋېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

مەسىلەن، مىجەزى ئىتتىك، ئاسان ھاياجانلىنىدىغان كىشىلەر ئۇزاق مەزگىللىك قول تۇتىدىغان خىزمەتلەرگە ماس كەلمەيدۇ. بۇلار بىردەملىك ھاياجانىنىڭ تۈرتكىسىدە شۇنداق بىرەر خىزمەتنى باشلاپ قالغان تەقدىردىمۇ كامىل ئورۇنديالمايدۇ.

مىجەزى ئېغىر، تەمكىن، بىر ئىشلارغا ئالدىراپ ھاياجانلانمايدىغان كىشىلەر جىددىي خاراكتېرلىق، دەرھال بېجىرىشكە تېگىشلىك خىزمەتلەرگە ماس كەلمەيدۇ. بۇ خىل تەبىئەتتىكى كىشىلەرگە مەزكۇر خىزمەت تاپشۇرۇلۇپ قالغان تەقدىردە، ئىشلار ۋاقتى قەرەلىدە ھەل بولماي «قىرائەت تۈگىگىچە ئاخونۇمنىڭ سەللىسى كۆيۈپ كېتىپتۇ» دېگەندەك ئىش بولىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھېكايەت بار:

پېشقەدەم بىر ئاخونۇمنىڭ ناھايىتى قولىقى يۇمشاق، يۇۋاش، مۆمىن بىر تالىپى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئېغىر-بېسىق مىجەزى، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمايدىغان مۇلايىم خۇي-پەيلى، بولۇپمۇ ئۇستازى نېمە دېسە خوش-خوش دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ تەستىقلاپلا ئولتۇرىدىغان تەرىپى ئۇستازىغا تولىمۇ يارايدىكەن. ئۇستازى ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك سۈپەتلىرىنى ياخشى كۆرگەچكە، ئۇنى ھەر قاچان يېنىدىن ئايرىمايدىكەن ۋە قانداق دەرس بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇنى قاتناشتۇرۇپ، ئالدىدا ئولتۇرغۇزىدىكەن. مەيلى سوئال ياكى دەرسكە مۇناسىۋەتلىك ھەر قانداق گەپ شۇ تالىپنىڭ ئېغىزىدىن چىقمىسا ئاخۇنۇم ئانچە ئېرەنشىپ كەتمەيدىكەن. بىر كۈنى ئاخونۇم دەرس بېرىۋاتسا، قوزۇققا ئېلىپ قويۇلغان سەللىسىگە مورا بېشىدىكى جىنچىراغنىڭ ئوتى تۇتىشىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئالدىراڭغۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىجەزى ئىنتىك بىر تالىپ: سەللە، سەل...
دېگۈچە ئاخۇنۇم ئۇنى نوقۇشلاپ: بىز سەللىنىڭ بابىدىن ئۆتۈپ بولغىلى نەۋاق، دەپ ۋارقىراپ ئۇنى جىمىتىپ قويۇپتۇ. ھېلىقى مۆمىن تالىپ گەرچە سەللىگە ئوت تۇتىشىپ كەتكىنىنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇستازىنىڭ ئالدىدا ئاۋۋال ئىككى قولىنى جۈپلەپ ئېھتىرام بىلدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، تەۋەززۇ بىلەن تازا قىرائەت شەكلىدە: ئى ھۆرمەتلىك ئۇستازىم، ئەدەبسىزلىك بولسىمۇ دېمىسەم بولمىدى، مورا بېشىدىكى چىراغدىن سەللىلىرىگە ئوت تۇتىشىپ كەتتى، دەپتۇ. شاگىرتىنىڭ ئەزمىلىك بىلەن ئېيتقان بۇ گېپى تۈگىگىچە ئاخۇنۇمنىڭ سەللىسى پۈتۈنلەي كۆيۈپ بوپتۇ.

ئەھۋال مانا شۇنداق، ھەر ئادەمنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى بولىدۇ. ئىش ئۇستىدىكىلەر ئەترايىدىكىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى توغرا مۆلچەرلەپ ئىشقا تەيىنلىيەلىسىلا، ھەر ئادەمدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدۇ. دانالارنىڭ مۇنداق بىر گېپى بار: «جاھاندا كېرەكسىز ئادەم مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت كېرەكسىز قىلىۋېتىلىدىغان ئادەملەرلا مەۋجۇت.»

ناۋادا ئىش ئۇستىدىكىلەر ياخشى بايقىيالمىغان بولسا، ئۆزىدە بىرەر ئارتۇقچىلىق ياكى ئىقتىدار بارلار ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى ۋە تالانتىنى ئىش ئۇستىدىكىلەرگە بىلدۈرۈپ قويسا ۋە قولىدىن كېلىدىغان ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا تارتسا، نۇرغۇنلىغان بىھۇدە بەدەل، تەكرار ئەمگەك ۋە زېھىن ئىسراپچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

## 3. ھەمكارلىققا ئەھمىيەت بېرىش

ئادەم ئۆز تەبىئىتىدىنلا توپلىشىپ ياشايدىغان، كوللېكتىپچانلىققا مايىل بىر تىپ. ئۇنداق بولغانىكەن، كىشىلىك تۇرمۇشتا چوقۇم مۇئەييەن بىر مۇناسىۋەت چەمبىرىكى ئىچىدە ياشاشقا توغرا كېلىدۇ. مۇناسىۋەت چەمبىرىكىمىز قانچە كەڭرى بولسا، ئىمكانىيەتلىرىمىز شۇنچە زور بولىدۇ. نۆۋەتتە ھەمساھە، ھەمكەسىپلەر بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالىماسلىق، ھەر ئادەم ئۆز ئالدىغا بىر ئېچىققا مىراپ بولۇۋېلىش دىن يولدا خىزمەت قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسىدە كۆرۈلۈۋاتقان بىر نۇقسان.

ئەلۋەتتە نۇقسانسىز ئادەم مەۋجۇت بولمايدۇ. لېكىن بىز ھەمكارلاشماقچى بولغان كىشىلەر ناۋادا نۇقسانىنى كەسىپ قىلىۋالغان ئادەملەرلا بولمىسا، مۇناسىپ شەكىلدە ھەمكارلىق ئورنىتىپ، ئالاھىدىلىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش ئىنتايىن مۇھىم. بىر ئادەمنىڭ ئانچىكى بىر خاتالىقلىرى تۈپەيلىدىن ئۇنى پۈتۈنلەي مۇناسىۋەت چەمبىرىكىمىز دائىرىسىدىن سۈپۈرۈپ تاشلىساق، ئۇنىڭ باشقا ئالاھىدىلىكلىرى كۆمۈلۈپ، بوغۇشلىنىپ قالىدۇ. ھەممىدە ئۇ ئۆزىگە باشقا بىر مۇناسىۋەت تويى ئىزدەپ بارا ـ بارا بىزنىڭ سېپىمىزدىن چۈشۈپ قېلىشى، ھەتتا پۈتۈنلەي بىزگە قارشى سەپلەرگە قوشۇلۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ناھايىتى ئېنىقكى، «يوقال، كەت» دېگەن سۆزلەرگە قارىغاندا «كەل، قولۇڭنى بەر» دېگەن سۆزلەر يېقىشلىق بولىدۇ. مۇلايىملىق، ئەپۇچانلىق، كەڭ قورساقلىقنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ھەر قانداق ئىبلاغار قوراللاردىنمۇ يۇقىرى تۇرىدۇ. باشقىلارنى ھەرگىزمۇ قارا كۈچ ئارقىلىق قايىل قىلغىلى بولمايدۇ. قارا كۈچ ئارقىلىق پەقەت قورقۇتقىلى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما پەزىلەت ئارقىلىق، مېھىر ـ مۇھەببەت ئارقىلىق، ھەر ئادەمگە ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ھېس قىلدۇرۇش ئارقىلىق باشقا ۋاستىلەر بىلەن يېتەلمىگەن مەقسەتلەرگە يەتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ساھەگە مەسئۇل بولغانلار ئەڭ ئاۋۋال ھەمساھە، ھەمكەسىپلەر بىلەن بولغان ھەمكارلىققا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. ھەمكارلىق جەريانىدا باشقا كەسىپداشلارنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىغا كۆپرەك كۆز يۇمۇش، ئارتۇقچىلىق، پەزىلەتلىرىنى كۆپرەك كۆرۈش كېرەك.

شۇنى ئۇنتۇماسلىق لازىمكى، مەسئۇللار نېمە دېسە خوش ـ خوش دەپلا تۇرىدىغان ئادەملەردە

ئىجادچانلىق، ئاكتىپلىق، قىزغىنلىق بولمايدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ بار غېمى خىزمەت ۋە كەسپىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشىدە ئەمەس، بەلكى مەسئۇللارنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈشكىلا مەركەزلىشىدۇ. بۇ تەبىئەتتىكى كىشىلەردىن پىداكارلىق ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى كۈتۈش شەيتاندىن ئىمان تەلەپ قىلغاندەكلا بىر ئىش. دېمەك، بىر تۈركۈم پىداكارلارنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغان ئىش ئىگىلىرى ئاۋۋال ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى مۇئەييەن دەرىجىدە پىكىر، ھەرىكەت، خىزمەت بوشلۇقى بىلەن تەمىنلىشى، ھەر ئىشتا ئۆزىنى مەركەز قىلىۋېلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. پىداكارلىق كىشىلەرنىڭ خىزمەت ۋە كەسىپ جەريانىدا يېتىلدۈرىدىغان سۈپىتى بولۇپ، بۇ پەقەت شۇ كەسىپ ۋە خىزمەت مەسئۇللىرىنىڭ ئادەم تەربىيەلەش ۋە يېتىلدۈرۈش دىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. ئىش ئىگىلىرى ۋە مەسئۇللار ھەمكارلاشقۇچىلارنى تاللاشتا كۆڭلىگە ياققىنىنى ياكى ئالدىلىقاندىن بىر مۇناسىۋەتنى ئاساس قىلماستىن، بەلكى ئەڭ ئاۋۋال ئىقتىدار ۋە تالانتنى ئاساس قىلىش لازىم. چۈنكى، تالانت ۋە ئىقتىدار بىراۋلارنى تەقلىد قىلىپ ئۆگىنىۋالغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭدىن باشقا سۈپەتلەرنى ئاستا-ئاستا يېتىلدۈرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مەلۇم بىر نىشان ئاساسىدا ھەمكارلاشقان كىشىلەر ئۆز ھەمكارلاشقۇچىلىرىدىن ھەممە ئىشتا پۈتۈنلەي يۈزدە-يۈز ھەمكارلىقنى تەلەپ قىلسا، ئېنىقكى بۇ مۇمكىن بولمايدۇ. ھەمكارلاشقۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئىقتىدارى، ئالاھىدىلىكى، شارائىتىغا قارىتا پۈتۈن ياكى قىسمەن ھەمكارلىق ئورنىتىشقا بولىدۇ.

دېمەكچى بولغىنىمىز، مەلۇم بىر كەسىپ ياكى ساھەدە خىزمەت قىلىۋاتقانلارنىڭ ئەتراپىدا خىزمەت ۋە نىشانىنى ياخشى چۈشەنگەن، ئىخلاسمەن، خالىس بىر تۈركۈم ھەمكارلاشقۇچىلارنىڭ بولۇشى پىداكارلىقنى ئاشۇرۇش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

4. ئورتاق نىشان ۋە ئورتاق كەسىپ ئىگىلىرى ساغلام تەرەققىيات مەقسىتىدە ئىجتىمائىي تور شەكىللەندۈرۈش. بۇنداق بولغاندا ئاردىن بىرەر كىشىنىڭ قىزغىنلىقى تۆۋەنلەپ كەتسە ياكى ئىزتىراپقا دۇچ كەلگەندە باشقىلارنىڭ ئۈندەشلىرى، ھەمكارلىقلىرى، قولىدىن يېتىلەشلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى نىشانىنى تېپىۋالالايدۇ. ئۇنداق بولماي ھەر ئادەم يەككە شەكىلدە پىداكارلىق كۆرسىتىپ مېڭىۋەرسە، قىلغان ئىشى ۋە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىگە قارىتا ھېچقانداق نەتىجە ياكى ئۈنۈمنى ھېس قىلالمىسا، ئۆزىنى «ئۆزى كەلگەن يارەي، ئۆزى كەتكەن يارەي» بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالىدۇ-دە، ئاكتىپچانلىقى ۋە قىزغىنلىقى ئېغىر توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزئارا ئىلھام بېرىشەلەيدىغان، قىلىۋاتقان خىزمەتلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى ھېس قىلدۇرالايدىغان ئىجتىمائىي تور شەكىللەندۈرۈش پىداكارلىق روھىنى ئۇرغۇتۇشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

5. ھەر ئىشقا پاسسىپ، سەلبىي پوزىتسىيە تۇتىدىغان كىشىلەردىن يىراق تۇرۇش. شۇنداق بىر تۈركۈم كىشىلەر باركى، ھەر قانداق بىر ئىشنى باشلاشتىن بۇرۇن كۆزىگە ئەڭ ئاۋۋال مەغلۇبىيەت كۆرۈنىدۇ. ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئىشقا قارىتا كەسكىن پوزىتسىيە تۇتالماي، دائىم ئىككىلىنىپ، ئىزتىراپ چېكىپلا يۈرىدۇ. بۇ خىلدىكى كىشىلەر بىلەن مەلۇم بىر ۋەزىپە ياكى خىزمەتنى ۋۇجۇتقا چىقارماق بەسى مۈشكۈل. ئۇلار دائىم ئىشلارنى تەتۈرىگە تولغاپ، باشقىلاردا سەلبىي تەسىر پەيدا قىلىدۇ ۋە ئىشلارنىڭ نورمال، ئاكتىپ يۈرۈشىشىگە توسالغۇ بولىدۇ. ئۇلار مەلۇم كەسىپ ياكى نىشانىنى ياخشى كۆرگەندەك قىلغىنى بىلەن ئۇ يولغا ئۆزىنى بېغىشلاش ۋە قەدەم قويۇشقا جۈرئەت قىلالماي «كۆمسەم پىشارمۇ، ياقسام تۇتارمۇ» دەپلا ئىككىلىپ يۈرىدۇ. ناۋادا بۇ تەبىئەتتىكى ئادەملەر خىزمەت سېپىگە قوشۇلۇپ قالغاندا، باشقىلارنىڭ روھىي كەيپىياتىغا ۋە ئاكتىپچانلىقىغىمۇ ئېغىر سەلبىي تەسىر پەيدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى مۇھىم خىزمەتلەردە يۇقىرىقىدەك كىشىلەرنى سەپنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ.

6. ئۆزئارا ئېتىراپ قىلىشىپ، باشقىلارنى كۆپرەك رىغبەتلەندۈرۈش. يېڭى باشلانغان ھەر قانداق بىر ئىش نۇرغۇن ئەگرى-توقايلارنى بېسىپ ئۆتۈش ئارقىلىق ئاندىن كامالىغا يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىش باشلىنىشى بىلەنلا ئۇنىڭدىن مۇكەممەللىكنى تەلەپ قىلىپ ئىش باشلىغانلارنى ھودۇقتۇرۇپ قويۇش، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ۋە دادىللىقىنى سۇندۇرۇش قاتارلىق ئىشلار نىشان ۋە خىزمەتكە زوقى بارلارنى ھېچ ئىشقا دادىل قەدەم كەلتۈرەلمەيدىغان، ھەممە ئىشتىن خاۋاتىرلىنىپلا يۈرىدىغان، ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ماھىيەتتىن قىلىپ ئېيتقاندا نۇرغۇن ئىقتىدارلىقلارنى ياكى كەلگۈسىدىكى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ساھىب بولالايدىغان كىشىلەرنى ئۆز ئىچىمىزدىكى ھەددىدىن زىيادە مۇكەممەللىك قوغلىشىدىغان كىشىلەر بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقتۇرۇپ قويىدۇ. يېڭى بىر ئىشقا تۇتۇش قىلغانلار باشقىلارنىڭ تەنقىدى ياكى نوقۇشىدىن كۆپرەك رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە ئېتىراپ قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. باشقىلارنى ئېتىراپ قىلىشمۇ ئالىيجاناب پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ.

7. توغرا بولغان رىقابەت ئېڭى شەكىللەندۈرۈش. ئىنسان تەبىئىتىدە ئەسلىدىنلا ياخشىلىق ۋە ئۇتۇقلارنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولۇشىنى ئىستەيدىغان بىر خىل شەخسىيەتچىلىك خاھىشى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفلەردە باشقىلارنى ئۆزىدىن يۇقىرى بىلىش ياكى ئۆزىگە نېمىنى ياخشى كۆرسە باشقىلارغىمۇ شۇنى ياخشى كۆرۈش ئىنتايىن كۈچلۈك تەكىتلىنىدۇ. لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ ئەمەلىيلىشىشى كىشىلەرنىڭ ئىمان ۋە ساداقىتىنىڭ ئاجىز-كۈچلۈكلىكىگە قارىتا ئوخشاش بولمايدۇ.

باشقىلارنى ئۆزىدىن يۇقىرى بىلىش دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ھەممە ئىشنى باشقىلارغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزىگە ئىتىبارسىز قاراش دېگەنلىك ئەمەس. كۈچلۈك رىقابەت ئېڭى ۋە جىددىي كىرىزىس تۇيغۇسى بولمىغان ئادەملەردىن ئالاھىدە بىر نەتىجە ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. باشقىلارنى ئۆزىدىن يۇقىرى بىلىش دېگەنلىك ئېرىشىلگەن قىممەتلەردە يۇقىرى بىلىش دېگەنلىك بولىدۇكى، ھەرگىزمۇ بېغىشلاشلاردا ئەمەس. رىقابەت بېغىشلاشتا بولۇشى كېرەككى، ئېرىشىشتە ئەمەس. بۇ نۇقتىدىن ئۆزىنى بېغىشلاش ۋە جىدامچانلىق كۆرسىتىشتە توغرا رىقابەت شەكىللەندۈرۈش مۇئەييەن نەتىجىلەرگە ئېرىشىشنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. ھەر ئىشتا رىقابەتسىزلىكنى، بەسلەشمەسلىكنى پەزىلەت ھېسابلاپ يۈرىدىغان كىشىلەر ھېچقانداق ئۇتۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «قىزىققۇچىلار شۇنىڭغا قىزىقسۇن» دېيىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ جەننىتىگە قىزىققۇچىلارنىڭ ئۆزئارا مۇسابىقە كەيپىياتى شەكىللەندۈرۈشىنى ئىشارەت قىلىپ ئۆتىدۇ. توغرا بولغان رىقابەت ئېڭى پائالىيەتچىلەرگە ھاياتى كۈچ بېغىشلايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە زور دەرىجىدە جۇشقۇنلۇق ئاتا قىلىدۇ. ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرمىغان پائالىيەتچىلەرنىڭ ئىلمان ھالدا داۋام قىلىۋاتقان پائالىيەتلىرى كۆڭۈلگە تەسەللىي بولالىغان تەقدىردىمۇ نەتىجە ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ۋەسلە بولالمايدۇ.

8. دىنىمىزغا خىزمەت قىلىۋاتقان ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى، جۇشقۇن كىشىلەرنى مۇناسىپ شەكىلدە، ئوخشىمىغان يوسۇندا تەقدىرلەش، روھىنى كۆتۈرۈپ قويۇش. دىنىي خىزمەت ۋە پائالىيەتلەرنى ئۆتەۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنى بۇ يولغا خالىس ئاتىغان بولىدۇ. ئۇلار پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، ئىمان ۋە ۋىجداننىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي ئۆزىنىڭ ئىمكانىيەت دائىرىسىدىكى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ ئىنتايىن قىممەتلىك روھ. لېكىن بۇ خالىس كىشىلەرمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن رىغبەتلەندۈرۈش ۋە كۆڭلىنى

كۆتۈرۈپ قويۇشقا ئېھتىياجلىق. ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن قوللاش، قۇۋۋەتلەش، ھېچ بولمىغاندا كۆڭلى كۆتۈرۈلىدىغان گەپ-سۆزلەر بىلەن بولسىمۇ رىغبەتلەندۈرۈپ قويۇش ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولىدۇ. ناۋادا ئۇنداق قىلماي ئىش قىلمىغانلار بىلەن ھېچ كىشىنىڭ كارى يوق، بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلغۇچىلارنى توختىماي تەنقىدلەۋەرگەندە پىداكارلىق روھى ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى سۇسلاپ قالىدۇ. ھازىرقى دىنىي خىزمەت سېپىمىزدە كۆپىنچە ساھەلەرنىڭ بوش، قۇرۇق قېلىشىغىمۇ مۇشۇنداق باشقىلارنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە روھىنى كۆتۈرۈشنى خالىمايدىغان مىجەزىمىز سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەرەبلەرنىڭ «ئىنسان ئېھسانىنىڭ قۇلى» دەيدىغان بىر ھېكمەتلىك سۆزى بار. ئەمەلىيەتتە ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنى توختىماستىن تەنقىدلەپ ياكى قىلىۋاتقانلىرىغا قارىتا مۇۋاپىق رەۋىشتە تەشەككۈر بىلدۈرمەي، ھېچ بولمىسا قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەي پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىنسا، ئىنسانىي ئاجىزلىقى بىلەن ئۇلاردىمۇ سۇسلۇق ۋە ئۆز خىزمىتىگە بولغان سەل قاراش كەيپىياتى پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

9. ئۇلۇغ، دەبدەبىلىك قۇرۇق گەپلەرگە قارىغاندا، كىچىك بولسىمۇ ئەمەلىي ئىشلارغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىش. ئاللاھ ھەربىر بەندىدىن ئىمكانىيەت دائىرىسىدىكى ئىشلاردىن سوئال-سوراق قىلىدۇ. دىنغا خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك پائالىيەتتە ھەر ئادەمنىڭ قىلالىغان ئىشى شۇ ئادەمگە نىسبەتەن ئۇلۇغ ئىش بولىدۇ. قەتئىي ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلارنىڭ يامان ئىشلاردىن كۈچىنىڭ يېتىشىچە چەكلىنىشىمۇ زور ياخشىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەمما دائىم كۆز ئالدىغا بۈيۈك نەتىجىلىك ئىشلارنى كەلتۈرۈۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە خەيرلىك ئىشلار تەرىپىگە بىر قەدەممۇ ئالماي، كىچىك ئىشلارنى ياراتماي تۇرۇۋېلىش ئادەمنى بىخۇتلاشتۇرۇپ، ئىرادىنى گاللاشتۇرۇپ قويىدۇ. بۇ ھالغا كېلىپ بولغان كىشلەرگە ئالاھىدە مۇھىم خىزمەتلەر نىسىپ بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۆزىنىڭ كۆنگىنى بويىچە پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىپ، ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «يولدىن ئەزىيەتنى يىراقلاشتۇرۇشنى ئىمانىنىڭ ئادەتتىكى بىر ئىپادىسى» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ناۋادا دائىم ئۇلۇغۋار ئىشلارنىلا چۈشەپ يۈرىدىغانلار يولدىكى كىچىككىنە بىر ئەزىيەتنى يوقىتىشقا ئەھمىيەت بېرەلمىسە، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىشى ناتايىن.

يېقىندا كۆرۈشمىگىلى نەچچە يىل بولغان، ئەمما مەن ئىزچىل غايىۋانە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر قانچەيلەن بىلەن نەچچە كۈنلۈك بىر پائالىيەتتە بىرگە بولۇپ قالدىم. مەن ئۇزاقتىن بېرى ئۇلارنى ناھايىتى ئىلغار ۋە قولىدىن ئىش كېلىدۇ دەپ قاراپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ كەلگەن ئىدىم. ئەمما ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتى مېنى ئىنتايىن ئەپسۇسلاندۇرۇپ قويدى. ئۇلار ئەسلىدە خىلى كۆپ دىنىي تەربىيە كۆرگەن، ئۆزى «ئۇششاق ئىشلار» بىلەن مەشغۇل بولمايدىغان، ئەمما دائىم «چوڭ ئىشلار»نى ئويلايدىغان كىشىلەر ئىدى. مەن بۇرۇن ئۇلارنىڭ سورۇنى ۋە يېنىغا بېرىشتىنمۇ ئەيمىنەتتىم. ئۇلارنىڭ خىلى چوڭ ئۆلىمالارغا، ھەتتا جەمئىيەتكە زور تەسىر كۆرسەتكەن پىشقەدەملەرگىمۇ باھا بېرىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا بەزىلىرىنى تەنقىدلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇلار گەپ ئارىلىرىدا ئۆزىگە ھېچ پۇرسەتنىڭ بولمايۋاتقانلىقىنى، ناۋادا بولۇپ قالسا زور ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىۋېتىدىغانلىقىنى ئىما قىلىشقان ئىدى. ھالا ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار بىلەن بىر قانچە كۈن بىر سورۇندا بولۇش جەريانىدا ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇلۇغۋار قۇرۇق گەپلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن ئېغىز پالۋانلىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بۇرۇنلاردا ئۇلارغا ھەۋەس قىلغان بولسام، ئەمدىلىكتە ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ قالدىم.

ئۇلاردا ئادەتتىكى شەخسىي تەقۋادارلىقنىمۇ ھېچبىر ئەسەر يوق ئىدى. ئولتۇرۇش-قوپۇشلىرىدا ئىسلامچە ئىپادە كەمدىن-كەم كۆرۈلەتتى. گەپ-سۆزلىرىدە ھە دېگەندە باشقىلارنى چۇشۇرۇش، چېقىشىش، مەسخىرە قىلىشلار... تۇرۇپ-تۇرۇپ خۇددى كەيىپ سورۇندىكىگە ئوخشاش بىمەززە قىقاس-چۇقانلار... ئەكس ئېتەتتى. بۇ ھالەت مېنى ئىنتايىن گاڭگىرىتىپ قويدى.

پەيغەمبىرىمىز بىر ھەدىسىدە «مەن گۈزەل ئەخلاقنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم» دېگەنىدى. ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئەخلاق، پەزىلەت، تەقۋادارلىق، روھى پاكلىق، زىكىر-تەسبىھ، ئەمەل-ئىبادەتلەردىكى تەئدىل-ئەركانلار ھەققىدە گەپ قىلسىڭىز، تەبئىيكى سىزگە قالاق، كاللىسى ئېچىلمىغان، ئۇششاق ئىشلارغىلا ئېسىلىۋالدىغان... دېگەندەك قالپاقلارنى كېيدۈرۈشى تۇرغانلا گەپ. لېكىن ھەقىقەت شۇكى، ئۇششاق ئىشلاردا ئىمكانىنىڭ يېتىشىچە توغرىنى كۆزلىگەنلەر، ھەربىر تېنىقىدا مەسئۇلىيەتنى ئۆزىگە يار قىلغانلارلا ئۇلۇغۋار نەتىجىلەرگە ساھىب بولالايدۇ. گېپىمىزنى قىسقارتساق، دىنىي ساھەدە خىزمەت قىلماقچى بولغان، ئۆزىنى بۇ يولغا ئاتىغان قېرىنداشلار رېئالىي بولغان ئۇششاق ئىشلاردىن باشلاپ ئۆزىنى ئىمانىي كامالەت تەرىپىگە سىلجىتىشى، ئۇلۇغۋار قۇرۇق گەپلەردىن چۆمۈلە روھىنى ئارتۇق بىلىشى ئىنتايىن مۇھىم.

10. ئۆزلۈكسىز ئۆزىنى تولۇقلاپ، بىر ئىزدا توختاپ قالماي، كۆپكە قادىر، بىرگە ماھىرلاردىن بولۇش. نۆۋەتتە دىنىي ساھەيىمىزدە نۇرغۇن خىزمەتلەر تېخى پىچىتى بۇزۇلمىغان ھالدا، ئىجرا قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا. دىنىي ئوقۇغۇچىلار ئومۇمى نىسبەت جەھەتتىن ئاز بولغانىنىڭ ئۈستىگە ئۇلاردىكى بىكىنمىچىلىك ۋە ئىقتىدار تەكرارلىقى نۆۋەتتە ئۆتەشكە تېگىشلىك جىددىي خىزمەتلەرگە نىسبەتەن ئادەم قەھەتچىلىكى پەيدا قىلماقتا. ئىلىم كوچىسىغا كىرسە ئادەملەر خىلى مىغ-مىغ تۇرغاندەك قىلغان بىلەن ئەمەلىي ئىشقا يارايدىغان، بىرەر ئىشقا قارىتا «مەن ماۋۇ ئىشنى قىلالايمەن» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ ئوتتۇرىغا چىقالايدىغانلار ئىنتايىن كەمچىل بولماقتا.

بىلىم قانچە كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەمەلىي ئېھتىياجلارنى قامدىيالمىسا يەنىلا كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىلىم ئۆگىنىشتە ئەنئەنىۋىيلىكنى، تەقلىدچىلىكنى قوغلاشقاندىن كۆرە رېئاللىقنى، ئەمەلىيەتچانلىقنى، قوللىنىشچانلىقنى نەزەرگە ئالغان تۈزۈك.

دەرۋەقە ئادەمدە دەۋر ئېھتىياجىنى قامدىيالايدىغان بىلىم بولسا، ئېھتىياجنى ھېس قىلالايدىغان ئاڭ بولسا، شۇ ئېھتىياجغا ماسلىشالايدىغان دىت بولسا... تەبئىيكى بۇ ئادەم ئىستىخىيىلىك ھالدا پىداكارلىشىپ كېتىدۇ. ناۋادا ئۇنداق بولمىغاندا «ئاتالماس ئوقىدىن كۆرۈپتۇ» دېگەندەك ھەر خىل باھانە-سەۋەبلەر بىلەن ئۆزىنى مەسئۇلىيەتتىن قاچۇرۇشقا باشلايدۇ. دېمەك، «ئۇششاق ئىشلار»دىمۇ مەسئۇلىيەتنى لازىم تۇتمىغانلار قانداقتۇر بىر چوڭ ئىشلار ئۈچۈن پۇرسەت ئىزدەۋاتقانلار ئەمەس، بەلكى «چوڭ ئىش چۇشى»نى بازارغا سېلىش ئارقىلىق ئۆزىنى پەردازلاپ، ئاۋامنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ ياشاۋاتقانلاردۇر.

ئاخىرقى سۆز:

«دەۋەتچىلىرىمىزدە ئۈچ غەلەت» ناملىق مەزكۇر يۇرۇشلۇك يازمىدا دەۋەتچىلىرىمىزدە تۈزىتىشكە تېگىشلىك دەپ قارىغان بىر قانچە مەسىلە ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتۇم. مەن دىنىي خىزمەتلىرىمىزنىڭ مۇمكىنقەدەر مۇكەممەل، سېستىمىلىق، ئەتراپلىق بولۇشىنى تەشەببۇس قىلغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ يۈزەكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. كەڭ ئوقۇرمەن قېرىنداشلارنىڭ مۇھىم دەپ قارىغان تۈزىتىش ياكى ئېتىرازلىرى بولسا ئوتتۇرىغا قويۇشىنى، شۇنداقلا مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىش چارىلىرى ھەققىدە ئورتاق ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com




پىروفېسسور دوكتور ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال ياۋروپا ۋە غەرب دۇنياسىدا «شەرق شائىرى» ۋە «شەرق مۇتەپەككۇرى» دەپ تونۇلىدۇ. ئىسلام دۇنياسىدا بولسا «قۇرئان شائىرى، ئىسلام شائىرى، ئىسلام مۇتەپەككۇرى، پاكىستاننىڭ مەنىۋى قۇرۇغۇچىسى، يېقىنقى دەۋر ئىسلام ئويغىنىشىنىڭ ئەڭ ئاۋانگارت بايراقدارى» دېگەن سۈپەتلەر بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. ھەتتا غەرب دۇنياسىدىن تارتىپ پاكىستان مىسىر قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىنىڭ بەزى ئاتاقلىق ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدە ئەللامە ئىقبالنىڭ پىكىر-قاراشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان دوكتورلۇق ۋە ماگىستىرلىق بۆلۈملىرى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇ ساھە بويىچە دوكتورلۇق ۋە ماگىستىرلىق ئۇنۋانلىرىغا ئېرىشكەن. پاكىستاندىمۇ ئۇنىڭ نامىدا نۇرغۇن ئۇنىۋېرسىتېت ۋە كۇتۇپخانىلار ئېچىلغان. ئەمما بىز ئۇنى پەقەت پاكىستان شائىرى دەپلا بىلىمىز. بۇنىڭ سەۋەبى ئەللامە مۇھەممەد ئىقبالنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تېخىچە ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىنمىغانلىقى، ئۇنىڭ پىكىرلىرى ۋە ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىگە قوشقان تۆھپىلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ تونۇشمىغانلىقى دەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

## مۇھەممەد ئىقبالنىڭ قىسقىچە ھاياتى

مۇھەممەد ئىقبال 1873-يىلى ھازىرقى پاكىستاننىڭ پەنجاپ ئۆلكىسى سىيالكوت شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىكىدىلا دادىسىنىڭ «قۇرئاننى ياخشى چۈشىنەي دېسەڭ خۇددى ساڭا نازىل قىلىنىۋاتقان كەيپىياتتا ئوقۇ!» دېگەن نەسىھىتىنىڭ تەسىرىدە ئاجايىپ ئىشتىياق بىلەن قۇرئان ئۆگەنگەن. ئاندىن ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئىسلام ئەدەبىياتىنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن. ئۇ ئالىي مائارىپنى تاماملىغاندىن كېيىن شەرق تىللىرى فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەنگەن. مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىقنى تاشلاپ، ئەنگلىيەگە بېرىپ 1905-يىلى كامبىرج ئۇنىۋېرسىتېتىدا پەلسەپە ۋە ئىقتىساد پەنلىرى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان.

ئىقبال لاھوردىكى چېغىدىلا شېئىر يېزىشنى باشلىغان بولۇپ، ئەنگلىيەدىمۇ شېئىر ئىجادىيتىنى داۋاملاشتۇرۇپ ھەممىگە تونۇلغان ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لوندوندا بىر مەزگىل ئەرەب تىلى ۋە ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇ بۇ جەرياندا كۆپ قېتىم ئىسلامى يىغىنلارنى چاقىرىپ، ئىلمىي لىكسىيەلەرنى سۆزلىگەن. لوندوندا تۇرۇش جەريانىدا قانۇن فاكولتېتىغا كىرىپ سودىيەلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئاندىن مىيۇنخېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا پەلسەپەدە دوكتورلۇق ئوقۇش ئۈچۈن گېرمانىيەگە يۆتكەلگەن. ئۇنىڭ «ئىسلام پەلسەپىسىگە بىر ھەسسە» ناملىق تەتقىقات خاراكتېرلىك ئەسىرى دەل شۇ مەزگىلدە نەشىر قىلىنغان. بۇ ئۇنىڭ پەلسەپە ساھەسىدە يازغان تۇنجى ئەسىرى بولغانلىقى ئۈچۈن قىسمەن يېتەرسىزلىكلەر بولسىمۇ، تاكى شۇ ساھە بويىچە ئىككىنچى ئەسىرى نەشىر قىلىنغانغا قەدەر شەرقشۇناسلىقتىكى مۇھىم ئەھمىيىتىنى يوقاتماي كەلگەن.

ئۇنىڭ 1908-يىلى ھىندىستانغا قايتقان ۋاقتى دەل ئىستانبۇلدا ئىككىنچى مەشرۇتىيەت ئېلان قىلىنىپ خەلىپىلىك ئاغدۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغان ۋە پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى قاتتىق تېڭىرقاش ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغان دەۋرلەرگە توغرا كەلگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئاساسلىق پىكرى ئىسلام ئۈممىتىنى بۇ بوھراندىن قانداق قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت بولغان. ئىسلام دۇنياسىنىڭ كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئويلىغانلىرى ۋە ئۆزىگە خاس پىكىرلىرى بولغاچقا، سىياسەتنى «ئەمگەك قىلىش، غۇرۇر ۋە شان شەرەپكە دەۋەت قىلىش» دەپ تەرىپلەپ، ئاكتىپ سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ھىندىستانغا كېلىپلا ئەدەبىي خىزمەتلىرىنى باشلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھىندىستاندىكى مۇسۇلمان مۇجاھىدلارغا ئاتاپ يازغان شېئىرلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىگە قارشى قوزغىلىشىدا ۋە ئاخىرىدا پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا مۇھىم قوزغاتقۇچ رول ئوينىغان.

ئۇ ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن يېڭىچە بىر ئىنسان كىملىكىنى نامايان قىلىشقا تىرىشقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭى ۋە سەگەك بىر خەلق توپى يەنى ئىجتىمائىي جەمئىيەت شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن.

ئۇنىڭ «ئىسلامدا دىنىي تەپەككۇرنىڭ قايتا شەكىللىنىشى» ناملىق ئەسىرى پۈتۈن ئىلمىي ۋە پەلسەپىۋى تەجرىبىلىرىنىڭ سەمەرىسى بولغان ئاجايىپ نادىر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئەسەرلىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ شەكىللىۋازلىقىغا ۋە ھەقىقىي ئىسلام روھىدىن ئۇزاقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا پەريات قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

ئىماندا يوق ھوزۇر، نە نامازدا ئىشتىياق،

نېمە پايدا ئۇلاردا، قاچقىن تاشلاپ، قاچ يىراق.

شائىر يۇقىرىقىدەك سادالىرى ئارقىلىق مۇسۇلمانلاردا بىر روھىي ئىنقىلاپ پەيدا قىلىشنى ئارزۇ قىلغان. شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەن، مىللەت ۋە ئۈممەتنىڭ دەردى بىلەن كارى بولماستىن، ناماز ۋە ئىماننىڭ تاشقى شەكلىگە ئېسىلىۋېلىپ، ھەقىقىي ماھىيىتىدىن مەھرۇم قىلىۋاتقانلىقىغا قارشى چۇقان كۆتۈرگەن.

ئۇ يەنە:

جەمشىتنىڭ قەدىھى چاقنار قوللاردا،
سىياسەت ئايلاندى شىشخالغا گويا.
بۇ قەدەر بوپكەتكەن ئىسلام ئېلىگە،
پەقەتلا ئىسلاھات ئەڭ مۇھىم دورا.

دېگەن مىسرالىرى ئارقىلىق ئۆزىنى جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشقا ئاتىغانلىقىنى جاكارلىغان. چۈنكى، ئۇنىڭ قارىشىچە، خەلقنىڭ ئېڭىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇلارغا ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ھېس قىلدۇرماي ۋە ئۇلارنى نەپسانىيەتچىلىكتىن قۇتقۇزماي تۇرۇپ خار-زەبۇنلۇق ۋە ئېسەنكىرەشلەردىن تارتىپ چىققىلى بولمايتتى.

ئاتاقلىق جەمئىيەتشۇناس دوكتور ئەلى شەرىئاتى مۇھەممەد ئىقبالغا باھا بېرىپ مۇنداق يازىدۇ:

«ئەقلىي ۋە پەلسەۋىي پىكرلىرى ئۇنى شېئىرىيەتنىڭ گۈزەللىكلىرى ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرىدىن مەھرۇم قىلمىدى. شۇنىڭدەك شېئىرىيەتنىڭ يۈزەكىلىكمۇ ئۇنى چوڭقۇر پەلسەپىۋى تەپەككۇرلاردىن ئايرىپ قويمىدى. دىنىي ئېتىقادى ئۇنى كونسىرۋاتىپلىققا سۆرىمىگەنگە ئوخشاش، ئوچۇق دۇنيا قارىشىمۇ ئۇنىڭ ئىمانىنى قەلبىدىن يۇلۇپ ئالالمىدى. سىياسەت ئۇنى يېڭى ھادىسىلەر رامكىسىغا قاماپ قويمىدى. ئىلىم-ئېرپانغا باشچىلاپ كىرىشكەن ۋاقىتلىرىدا بولسا خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن تەتۈر قىسمەتلەرنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقارمىدى. قىسقىسى ئۇ مەۋلانا جالالىدىن رۇمىغا ئوخشاش تەپەككۇر قىلىدىغان، ناسىر خىسراۋغا ئوخشاش ئىمانىي شېئىرلارنى يازىدىغان، سەييىد جامالىغا ئوخشاش مۇسۇلمان خەلقلەرنى ئىشغالىيەتتىن قۇتقۇزۇش يولىدا تىنىمسىز ئۇرۇش قىلىدىغان، تاگورغا ئوخشاش مەدەنىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنى پانئەقىلچىلىق پاجىئەسىدىن قۇتقۇزۇش يولىدا كۆرەش قىلىدىغان بىر زات ئىدى.»[1]

شائىر مۇھەممەد ئىقبال ھەم مائارىپشۇناس، ھەم ئىنقىلابچى بولۇپ، 20-ئەسىردىكى ئەڭ ئىلغار ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ شىمالىي ئافرىقا، مىسىر، ئىران ۋە تۈركىيە قاتارلىق ئەللەردە كۆزگە كۆرۈنگەن مۇھىم شەخسلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ھاياتىدا ئۆزىگە «مۇئمىن بولۇش-خەتەرگە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبىي يۈزلىنىشتۇر» دېگەن قاراشنى قىبلەنامە قىلغان.

ئۇنى ئەڭ ئۆكۈندۈرىدىغىنى خەلپىلىكنىڭ يىقىلىشى ئارقىسىدا باش كۆتۈرگەن ئىرقچىلىق تەسىرىدە ئىسلام دۇنياسىنىڭ پارچىلىنىپ، بىر-بىرلەپ تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا بىرلىك ۋە قېرىنداشلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، دىنىي قېرىنداشلىقنى كۈچەپ تەرغىپ قىلاتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە مىللەتلەر ئارا بىرلىك ۋە قېرىنداشلىق بەرپا قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى پەقەت ئىسلام ئىدى. ئىسلامىي قېرىنداشلىق ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي جەمئىيەت بەرپا قىلماي تۇرۇپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ غەرب ۋە شەرق تاجاۋۇزچىلىقىغا تاقابىل تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇنىڭ پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى تەسەۋۋۇرىمۇ پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى ئۆز ئەتراپىدا بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرالايدىغان ۋە ئۆتمۈشتىكى شان-شەرىپىگە ئېرىشتۈرەلەيدىغان ئۈلگىلىك ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىگە قارشى كۆرەشنى ئېتىقاد بىلەن بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ، ھىندىستاندىكى ھەر قايسى مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى «پاكىستاننىڭ مەنىسى نېمە؟ لائىلە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇللاھ» دېگەن شوئار ئەتراپىغا توپلىيالىغان ئىدى.

گەرچە ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلمەي، پاكىستان قۇرۇلۇشتىن 9 يىل ئىلگىرى يەنى 1938 يىلى 21-ئاپرېلدا دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقان بولسىمۇ، ئۇمىدسىزلىك ئاسارىتىگە چۆككەن ئىسلام دۇنياسىغا ئىلغار پەلسەپىۋى پىكرلىرى بىلەن تەڭداشسىز ھاياتىي كۈچ ۋە ئىشغالىيەتكە قارشى بىر ئۆچمەس مەشئەل قالدۇرۇپ كەتتى.

ئۇ، پارلامېنت بىناسىنىڭ ئۈستىگە «پاكىستاننىڭ مەقسىتى نېمە؟ لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇللاھ» دېگەن شوئار يېزىلغان

[1] ئەلى شەرىئاتى «مەن ۋە ئىقبال»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە «پاكىستاننىڭ دۆلەت ئاساسى قانۇنى قۇرئان ۋە ھەدىستۇر» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن بىر ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىدىئولوگىيە ئاساسىنى يارىتىپ بەردى. شۇڭا ئۇ ئۇممەت قەلبىدە يېڭى دەۋر ئىسلام مۇتەپەككۇرى، پاكىستاننىڭ مەنىۋى داھىسى ۋە مەنىۋى قۇرغۇچىسى سۈپىتىدە ھەردائىم ھۆرمەت بىلەن خاتىرلىنىدۇ.

## مۇھەممەد ئىقبال شېئىرلىرىدىكى غايىۋى شەھەر «كاشغەر»

ئۇ، كاشغەر تىلغا ئېلىنغان داڭلىق شېئىرىدا پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ بىرلىك ۋە قېرىنداشلىق روھىنىڭ پەقەت ئىسلام ئارقىلىقلا بەرپا بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئىسلامنىڭ قانداقتۇر ئەخلاقى ئىسلاھات بىلەنلا توختاپ قالماستىن، نوقۇل ئېتنىك بىرلىكنىلا ئاساس قىلىدىغان باشقا ئىدىئولوگىيەلەرگە ئوخشىمىغان ھالدا پۈتۈن دۇنيادا ساپ ئادىمىيلىك ئېڭى پەيدا قىلىشنى نىشان قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

ئۇ يەنە:

ربط ملت و ضبط ملت بیضا ہے مشرق کی نجات
ایشیا والے ہیں اس نکتے سے اب تک بے خبر

ایک ہوں مسلم حرم کی پاسبانی کے لئے
نیل کے ساحل سے لے کر تا بخاک کاشغر

نسل گر مسلم کی مذہب پر مقدم ہوگئی
اڑ گیا دنیا سے تو مانند خاک رہ گزر

بىرلىك ۋە ئىنتىزام شەرققە نىجات،
ئاسىيا بۇنىڭدىن تېخى بىخەۋەر.
بىر سەپ بوپ قوغدىسۇن ھەرەمنى ئۇممەت،
قوشۇلسۇن بۇ سەپكە نىل ۋە كاشغەر[1]...
ئۈستۈن دەپ قارالسا ئىسلامدىن مىللەت،
چاڭ كەبى توزىغاي، تۇگەر مۇقەررەر.

دېگەن بۇ مىسرالىرىدىمۇ پانمىللەتچىلىكنىڭ يەنى تىل، ئىرق، رەڭ ۋە زونا ئاساسىغا قۇرۇلغان تار مىللەتچىلىكنىڭ غەربنىڭ مۇسۇلمانلارنى پارچىلاپ يوقىتىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقارغان بىر ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ ھىيلە ـ نەيرەڭگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىسى قانچىكى ئىككىلەمچى پەرقلەرنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر دەل ئېتىقادى بىرلىكنى ئاساس قىلىش ئىكەنلىكىنى، شۇنداق قىلغاندىلا ئىسلام دۇنياسىنىڭ قولدىن بېرىپ قويغان شان ـ شەرىپىنى قايتۇرۇپ كېلەلەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى كۈيلەيدىغان بۇ شېئىر ئىقبالنىڭ ئەڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك شېئىرى بولغاچقا، ھازىرغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلىدۇ. ھازىرمۇ پاكىستان ۋە ھىندىستاندا قانداقلا چاغدا ئۇممەتنىڭ ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىرلىكىدىن سۆز ئېچىلسا، مۇشۇ شېئىر ئوقۇلماي قالمايدۇ. ھەر يىلى قانچىلىغان يىغىن ۋە پائالىيەتلەرگە «بىر سەپ بوپ قوغدىسۇن ھەرەمنى ئۇممەت، قوشۇلسۇن بۇ سەپكە نىل ۋە كاشغەر» دېگەن مۇشۇ مىسرالار باش تېما قىلىنىدۇ. شۇ نۇقتىدىن بىز بۇ شېئىرنى ھىندىستان، پاكىستان، بەنگال... قاتارلىق جەنۇبى ئاسىيا ئەللىرىدە كاشغەرنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تونۇلۇشىغا ئاجايىپ چوڭ رول ئوينىغان دېيەلەيمىز. ھازىرمۇ ئۇيغۇلار ھەققىدە ھېچنەرسە بىلمەيدىغان پاكىستانلىقلار ۋە ھىندىستانلىق مۇسۇلمانلار «كاشغەر»نى ئوبدان بىلىدۇ.

بۇ شېئىرنى ئىنچىكە مۇلاھىزە قىلىپ باقىدىغان بولساق، مۇھەممەد ئىقبالنىڭ شۇ دەۋردىكى كاشغەر ۋەزىيىتىدىن ھەقىقەتەنمۇ تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ ھەقتە تەتقىقاتچىلارنىڭ ھەر خىل قاراشلىرىمۇ بار. شېئىرنىڭ ئوردۇچە نۇسخىسىدىكى «نىل

[1] ئەسلى تېكىستىدە نىل ساھىلىدىن كاشغەر تۇپراقلىرىغىچە دېيىلگەن.

ساھىلدىن تارتىپ كاشغەر تۇپراقلىرىغىچە» دېگەن مىسرادا تاللانغان سۆزلەرنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى، ئىچكى ماھىيىتى ۋە شۇ دەۋر شارائىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كەڭ دائىرىلىك مۇلاھىزە قىلىدىغان پاكىستانلىق ئۇستازلار بىلەنمۇ ئۇچراشقان ئىدىم.

ئۇلار «ئىقبال نېمە ئۈچۈن ‹نىل ساھىلىدىن تارتىپ كاشغەرغىچە› ياكى ‹قاھىرەدىن كاشغەرغىچە› دەپ ئىشلەتمەي، شۇنچە زورۇقۇپ ‹نىل ساھىلىدىن تارتىپ كاشغەر تۇپراقلىرىغىچە› دەپ ئىشلەتكەن؟ بۇنى ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىش لازىم. چۈنكى ئەينى چاغدا مىسىر ئىسلام مائارىپىنىڭ مەركىزىلا ئەمەس، بەلكى ھىندىستان، ماراكەش، تۇنىس، ئىران قاتارلىق نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمان دۆلەتلىرىدە باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان يېڭى دەۋر ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ مەركىزى ئىدى. شۇڭا شېئىردىكى «نىل دەرياسى» ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئىدىئولوگىيە ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلسا، «كاشغەرنىڭ قۇرغاق تۇپراقلىرى» ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دەل ئەنە شۇ ئىدىئولوگىيە ئېقىمىغا تەشنا ئىكەنلىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. دېمەك، ئىقبال پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى قايتىدىن ئىسلام ئويغىنىش ھەرىكىتى ئىدىيەسى ئەتراپىغا ئۇيۇشقاندىلا ئىسلامنى، شۇنداقلا پۈتۈن ئۈممەتنىڭ بىردەكلىكىنى قايتىدىن بەرپا قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان» دېگەن ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىقبالنىڭ شېئىرلار توپلىمىدا «مىسكى خوتەن» (خوتەن ئىپارى) دېگەن سۆزنىڭمۇ بىر قانچە يەردە ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم. دېمەك، ئەللامە مۇھەممەد ئىقبال «ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەللىرىنى تونۇغان ۋە پۈتۈن ئىسلام ئەللىرى بىلەن بىر قاتاردا بىز توغرىلىقمۇ كۆپ ئىزدەنگەن» دېيىشكە بولىدۇ.

— داۋامى كېيىنكى ساندا...

## ئابدۇقادىر داموللام ھېكمەتلىرىدىن

- ➢ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ كىشى باشقىلارغا تايانمايدىغان كىشىدۇر.
- ➢ خارلارنىڭ خار تۇرمۇشقا رازى بولۇشى ئۇلارنى تېخىمۇ خارلاشتۇرىدۇ.
- ➢ ئىتتىپاقلىشىپ، بىر ياقىدىن باش چىقارغان ئەل كۆزلىگەن مەقسەتكە مۇقەررەر يېتىدۇ.
- ➢ بىر قەۋمدا ئىتتىپاقلىققا يېتەكلىگۈچى مەنىۋى رەھبەر بولمىسا، بۇ قەۋم كىشىلىرىنىڭ چېچىلغىنى چېچىلغان.
- ➢ ئىنساننىڭ ئەڭ يامان ئىشى ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى ئۇنتۇپ قېلىش ۋە قېرىندىشىدىكى يېپىلىپ قالغان ئەيىبلەرنى تىلغا ئېلىپ يۈرۈشتۇر. ئەگەر ئىنسان ئەقىل ئىگىسى بولغان بولسا، ئۆزىگە قارىسا يېتەرلىك ئەيىبلىرى تۇرغان يەردە باشقىلارنى ئەيىبلىمىگەن بولاتتى.
- ➢ بوۋاقنىڭ تۇغۇلغاندا ئالقىنىنى يۇمۇۋالغانلىقى ھاياتلىقتىكى ھېرىسمەنلىكنىڭ بېشارىتىدۇر. ئۆلەر ۋاقتىدا ئالقىنىنى ئېچىپ قويغانلىقى «ئاگاھ بولۇڭلار مەن دۇنيادىن ھېچ نەرسە ئالماي كەتتىم» دېگىنىنىڭ بېشارىتىدۇر.
- ➢ دەۋر بىرخىل ھالەتتە تۇرمايدۇ، بەزىدە ئارقىسىنى قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ سېنى سەن ياقتۇرمايدىغان ئىشلارغا ئۇچراشتۇرسىمۇ سەۋر قىل. چۈنكى دەۋر سەۋر قىلمايدۇ.
- ➢ مېنىڭ يۇرتۇم ماڭا زۇلۇم قىلغان تەقدىردىمۇ سۆيۈملۈكتۇر. مېنىڭ خەلقىم ماڭا بېخىللىق قىلغان تەقدىردىمۇ سېخيدۇر.
- ➢ ئەقىل، بىلىم ۋە ئەخلاق خارلانغان جايدا نەپس نادانلىقنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىللىشى مۇقەررەر.
- ➢ بىز ئۈچۈن قىممەتلىك، نەق بايلىق ھېسابلىنىدىغان ئۆمرىمىز ئەتىدىن كەچكىچە ئايىغى چىقمايدىغان رەشىك-خۇسۇمەتلەر ئىچىدە ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كەتتى. بىز بولساق، بۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرغۇچىلارغا پىسەنت قىلماي، غەپلەت ئىچىدە ياشاۋاتىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# خۇشخەۋەر

خەلقىمىزنىڭ تۇنجى دىنىي دوكتورى، پەخىرلىك ئوغلانى، پەتىۋا ساھەسىدە ئىزچىل ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان ھارماس ئۇستاز ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ تەييارلىغان «پەتىۋالار مەجمۇئەسى» ناملىق ئەسەرنىڭ 1-تومى «ئەزھەر مەدەنىي مىراس نەشرىياتى» تەرىپىدىن رەسمىي نەشر قىلىندى.

بۇ ئەسەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدە، ئىبادەت، ئەخلاق ۋە ئائىلە... قاتارلىق ساھەلەرگە مۇناسىۋەتلىك 200 پەتىۋانى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مۇسۇلمانلار ھاياتىدا كۆپ ئۇچرايدىغان رېئال مەسىلىلەر سوئال-جاۋاب شەكلىدە بايان قىلىنغان.

مۇئەللىپ باشتىن-ئاخىر ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىلەرگە قۇرئان، ھەدىس، ئىجما ۋە قىياستىن ئىبارەت شەرئىي مەنبەلەرنى چىقىش قىلىپ ئەتراپلىق، چۈشىنىشلىك، تەپسىلىي پەتىۋا بەرگەن.

مەزكۇر ئەسەرنىڭ باش قىسمىدا مەخسۇس باب ئاجرىتىلىپ مۇئەللىپنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئىش-ئىزلىرى، ئىلمىي ئەمگەكلىرى، ئەقىدىدىكى مەسلىكى، شۇنداقلا پەتىۋادىكى ئىلمىي مېتودى توغرىسىدا خېلى تەپسىلىي مەلۇماتلار بېرىلگەن بولۇپ، ئۇزاقتىن بىرى مۇئەللىپ ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىدىن خەۋەردار بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان ئىخلاسمەنلەرنى قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

پەتىۋا دىنىمىزدىكى مۇھىم ئەمەللەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ، دىنىنى قوغداشتىن ئىبارەت مۇھىم پەرزلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇچۇر ۋاستىلىرىنىڭ كۆپ خىللىشىشىغا ئەگىشىپ پەتىۋا قالايمىقانچىلىقى ئەۋج ئېلىۋاتقان، مۇسۇلمانلار پەتىۋا مەسىلىلىرىدە ئىشەنچ ۋە ئىشەنچىسىزلىك ئارىسىدا گاڭگىراپ قېلىۋاتقان بۈگۈنكىدەك بىر شارائىتتا، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن بىۋاستە تونۇشلۇقى بولغان، سىستېمىلىق ئۆگەنگەن ۋە ئىزدەنگەن، ۋەتىنىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۆتىۋەر ئۆلىمالارنىڭ ۋە كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن سالاھىيەتلىك بىر ئىلىم ئىگىسىنىڭ خەلقىمىزگە مەخسۇس «پەتىۋالار مەجمۇئەسى» تەقدىم قىلىشى ھەقىقەتەن خۇشاللىنارلىق ئىش.

بۇ ئەسەر ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ شەرئىي مەسىلىلەرنى بىلىشكە بولغان تەشنالىقىغا زەمزەم كەبى مەلھەم؛ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كۈندىلىك ئەمەل-ئىبادەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا مەسلىھەتچى؛ مۇشۇ ساھەدە خىزمەت قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزغا ئىلھام بۇلىقى بولۇپ قالغۇسى...

ئاخىرىدا مۇئەللىپنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئائىلىسىگە بەخت-سائادەت، ئۆمرىگە بەرىكەت تىلەيمىز، شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىزدىنىش ۋە ئىجادىيەتلىرىنىڭ تېخىمۇ سەمەرىلىك بولۇشىغا چىن كۆڭلىمىزدىن تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.

— كامالى ئېھتىرام بىلەن: «مەرىپەت ژۇرنىلى» تەھرىراتى